ئىسمائىل تۆمۈرى

# ئۇدىقۇت ھۆججەتلىرى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئىسمايىل تۆمۈرى

# ئىدىقۇت ھۆججەتلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**
高昌回鹘文书：维吾尔文/司马义·铁木尔编著
乌鲁木齐：新疆人民出版社，2000.10
ISBN 7－228－06069－5

Ⅰ.高…　Ⅱ.司…　Ⅲ.回鹘语－古文字－研究－维吾尔语（中国少数民族语言）　Ⅳ.H211.42

中国版本图书馆 CIP 数据核子（2000）第 70799 号

责任编辑：穆纳尔江·托合塔洪
封面设计：艾克拜尔·排组拉

高昌回鹘文书　（维吾尔文）
司马义·铁木尔　编著

新疆人民出版社出版发行
（乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮政编码 830001）
自治区党委文印中心印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 4.75 印张 1 插页
2000 年 10 月 第 1 版　　2000 年 10 月 第 1 次印刷
印数：1 — 3000

ISBN7－228－06069－5/H.190　定价：12.00 元





# مۇندەرىجە


ئاپتوردىن ...... 1

«ھۆكۈمەتتىن چۈشۈرۈلگەن ئۇمۇمىي ئۇقتۇرۇش» (يەنى «مۇقەددەس يارلىق») توغرىسىدا تەتقىقات ...... 1

«ھۆكۈمەتتىن چۈشۈرۈلگەن ئۇمۇمىي ئۇقتۇرۇش» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى ...... 3

«مانى دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى» توغرىسىدا تەتقىقات ...... 4

«مانى دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى ...... 10

«مانى دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوقۇلۇشى ...... 17

«مۇرتۇق ئىبادەتخانىسىغا راھىب كالان تەيىنلەش يارلىقى» توغرىسىدا تەتقىقات ...... 26

«مۇرتۇق ئىبادەتخانىسىغا راھىب كالان تەيىنلەش يارلىقى» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى ...... 29

«مۇرتۇق ئىبادەتخانىسىغا راھىب كالان تەيىنلەش يارلىقى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى ... 30

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «مەخپىي يارلىق» توغرىسىدا تەتقىقات ...... 32

«مەخپىي يارلىق» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى ...... 34

«مەخپىي يارلىق» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى ...... 36

ئىدىقۇت دەۋرىدىن قالغان «باج كەچۈرۈم قىلىشنى ئۆتۈنۈش ئىلتىماسى» توغرىسىدا تەتقىقات ...... 38

ئىدىقۇت دەۋرىدىن قالغان «باج كەچۈرۈم قىلىشنى ئۆتۈنۈش ئىلتىماسى» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى ...... 40

ئىدىقۇت دەۋرىدىن قالغان «باج كەچۈرۈم قىلىشنى ئۆتۈنۈش ئىلتىماسى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى ...... 43

ئىدىقۇتتىن تېپىلغان «توي، نەزىر خىراجەت خاتىرىسى» ھەققىدە تەتقىقات ...... 47

«توي، نەزىر خىراجەت خاتىرىسى» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى ...... 53

«توي، نەزىر خىراجەت خاتىرىسى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى ...... 61

«كىرىم خاتىرىسى» توغرىسىدا تەتقىقات ...... 70

«كىرىم خاتىرىسى» (1 ـ خاتىرە) نىڭ ترانسكرىپسىيىسى ...... 72

«كىرىم خاتىرىسى» (1 ـ) نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى ...... 74

«كىرىم خاتىرىسى» (2 ـ خاتىرە) نىڭ ترانسكرىپسىيىسى ...... 76

«كىرىم خاتىرىسى» (2 ـ) نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى ...... 78

«ھەر خىل ئالۋاڭ ـ ياساقلارنى تاپشۇرۇش خېتى» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى ...... 80

«ھەر خىل ئالۋاڭ ـ ياساقلارنى تاپشۇرۇش خېتى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى ...... 82

«ئۆز ئوغلىنى گۆرۈگە قويۇش ھەققىدىكى تىلخەت» توغرىسىدا تەتقىقات ...... 84

«ئۆز ئوغلىنى گۆرۈزگە قويۇش ھەققىدىكى تىلخەت» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى ...... 85

«ئۆز ئوغلىنى گۆرۈزگە قويۇش ھەققىدىكى تىلخەت» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى ...... 87

« ئايال كىشىنى ساتقانلىق ھەققىدىكى تىلخەت» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى ...... 89

« ئايال كىشىنى ساتقانلىق ھەققىدىكى تىلخەت» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى ...... 91

«پۇل قەرز ئېلىش ھۆججىتىنى تولۇقلاش بىتىگى» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى ...... 93

«پۇل قەرز ئېلىش ھۆججىتىنى تولۇقلاش بىتىگى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى ...... 94

«ئىشقا تەيىنلەش خېتى» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى ...... 95

«ئىشقا تەيىنلەش خېتى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى ...... 95

«ھاشار - سېلىق بەلگىلەش پەرمانى» نىڭ ترانسكرىپ-سىيىسى ...... 96

«ھاشار - سېلىق بەلگىلەش پەرمانى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى ...... 97

«ئات بېجى ئېلىش خېتى» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى ...... 98

«ئات بېجى ئېلىش خېتى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى ...... 99

«ئارا تۆمۈرنىڭ تەكلىكنى ئىجارە ئېلىش تىلخېتى» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى ...... 100

«ئارا تۆمۈرنىڭ تەكلىكنى ئىجارە ئېلىش تىلخېتى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى ...... 101

«كۆنى قۇزنىڭ قۇل ئازاد قىلىش ھەققىدىكى تىلخېتى» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى ...... 102

«كۆنى قۇزنىڭ قۇل ئازاد قىلىش ھەققىدىكى تىلخېتى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى ...... 104

«تاپشۇرۇلغان باج خاتىرىسى» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى ........ 106

«تاپشۇرۇلغان باج خاتىرىسى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى ........ 107

«قاراچۇقنىڭ ۋەسىيەتنامىسى» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى ........ 108

«قاراچۇقنىڭ ۋەسىيەتنامىسى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى ........ 110

«جېدەل - ماجىرانى ھەل قىلىش كېلىشىمنامىسى» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى ........ 112

«جېدەل - ماجىرانى ھەل قىلىش كېلىشىمنامىسى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى ........ 114

«ئېلىم - بېرىمنى ئۆزگەنلىك تىلخېتى» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى ........ 116

«ئېلىم - بېرىمنى ئۆزگەنلىك تىلخېتى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى ........ 117

«بىر قىزنىڭ نىكاھ توختىمى» نىڭ ترانسكرىپ- سىيىسى ........ 118

«بىر قىزنىڭ نىكاھ توختىمى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى ........ 120

«بالا بېقىۋېلىش توختىمى» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى ........ 122

«بالا بېقىۋېلىش توختىمى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى ........ 124

«مىڭ تۆمۈرنىڭ بور ئۆتنە ئېلىش تىلخېتى» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى ........ 126

«مىڭ تۆمۈرنىڭ بور ئۆتنە ئېلىش تىلخېتى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى ........ 127

# ئاپتوردىن

«ئىدىقۇت ھۆججەتلىرى» ناملىق بۇ ئەسەر «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» (1995 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان) ۋە «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى مەدەنىيىتى» (1998 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان) ناملىق ئىككى ئىلمىي ئەسىرىمدىن كېيىنكى يەنە بىر ئىلمىي ئەسىرىم.

دۇنيا ئىلىم ئەھلىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ «تەبىئىي مۇزېي» دەپ نام ئېلىشقا مۇناسىپ بولغان قەدىمىي ئىدىقۇت دىياردىن كۆپلىگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، جۈملىدىن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋەسىقىلەر قېزىۋېلىنغانىدى. ھالبۇكى، بۇ قىممەتلىك ۋەسىقىلەرنىڭ نۇسخىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى چەت ئەللەردە بولغاچقا، خەلقىمىز ئۇلارنى بىۋاستە كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە تولۇق ئېرىشەلمىدى. ۋەھالەنكى، بۇ ھۆججەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىدىقۇتشۇناسلىقتا ئىنتايىن مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

مەن مانا شۇ ھۆججەتلەر ئىچىدىكى «ئەڭ مۇھىملىرى» دەپ قارىغانلىرىمنى، يەنى ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە بولغانلىرىنى تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ بىرىنچى قول ماتېرىيالدىن بىۋاستە پايدىلىنىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ «ئىدىقۇت ھۆججەتلىرى» نى ترانسكرىپسىيىسى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوقۇلۇشى، قىسقىچە تەتقىقات ۋە زۆرۈر ئىزاھلارنى بىرلەشتۈرگەن ھالدا نەشرگە تەييارلىدىم.

ئىدىقۇتتىن ھازىرغىچە قېزىۋېلىنغان ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي

ۋەسىقىلەر جەمئىي 121 پارچە بولۇپ، بۇنىڭ 61 پارچىسى بېرلىندا، 10 پارچىسى سانكت پېتېربۇرگدا، يەتتە پارچىسى كيوتودا، بەش پارچىسى ئىستانبۇلدا، ئۈچ پارچىسى خېلسىنكىدا، بىر پارچىسى لوندوندا، ئۈچ پارچىسى بېيجىڭدا، ئۈرۈمچىدە بىر پارچىسى ساقلانماقتا. قالغانلىرىنىڭ ساقلىنىۋاتقان ئورنى بىزگە ئېنىق ئەمەس.

يۇقىرىقى ھۆججەتلەر توغرىسىدا گېرمانىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، ياپونىيە، تۈركىيە...... قاتارلىق ئەللەردىكى تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن خېلى سىستېمىلىق تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى. كېيىنرەك دۆلىتىمىز تەتقىقاتچىلىرىمۇ، جۈملىدىن ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلارمۇ بۇ ساھەدە خېلى زور تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىپ، ئىدىقۇتشۇناسلىققا بەلگىلىك ئاساس سالدى. بۇ ئەسەرمۇ ئەنە شۇ يۇقىرىقى مەقسەتنىڭ تىرىشچانلىقى جۈملىسىگە كىرىدۇ.

ئىدىقۇت ھۆججەتلىرىدىن بىز ئەينى دەۋردە شانلىق ئۇيغۇر بۇددا مەدەنىيىتىنى ياراتقان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى جەمئىيىتىنىڭ بىر پۈتۈن كارتىنىسىنى كۆرگەندەك ھېس قىلىمىز. ئىدىقۇت ھۆججەتلىرىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، بىز مەزكۇر كىتابىمىزغا كىرگۈزگەن مۇشۇ بىر قانچە پارچە ھۆججەتنىلا تۆۋەندىكىدەك مۇھىم مەلۇماتلارغا ئىگە بولىمىز:

① ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە بارلىققا كەلگەن ئۆزگىرىشلەر جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىدۇ. ئىدىقۇت دەۋرىدىكى بەزى يەر - جاي ناملىرىدىمۇ قىسقىغىنا بىر قانچە يۈز يىلدا قىسمەن ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقى مەلۇم. مەسىلەن:

مۇرۇتلۇغ (قەدىمدە) - مۇرتۇق (ھازىر)

ياڭى قىر (قەدىمدە) - ياڭخى (ھازىر)

تۇرا سۇزاق (قەدىمدە) - تۇر كارىز (ھازىر)

بېشبالىق (قەدىمدە) - جىمسار (ھازىر)

ئىلا (قەدىمدە) - ئىلى (ھازىر)

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، نەشرگە سۇنۇلغان مۇشۇ ھۆججەتلەردە يەنە ئۇلۇغ كۆل، بالتۇرغان، سىقاب، چاڭگىن، قوچۇ، لۈكچۈن، ئەركەنت، يۇسۇمۇت، قىزىل، يار (يارغول)، چۈكەي، تىگۈي، تىيۇق (تۇيۇق)، چەڭگۇر ئىغىز، يۇلتۇز، قاننۇگەر بالىق، تۇرتكىل چوق، بويۇقىرا، قوچىك، قىزى كىتەرىنگ، باغرا ئۆگەن، تايساك، سەم تۇكۇ، ئۇسۇن، سارقۇي، تۇرپا، تاياقى، ئۇزا، چىرتىن، كىتر...... قاتارلىق يەر - جاي ناملىرى ئۇچرايدۇ. بۇلار ئەينى دەۋردىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تېررىتورىيىسى ئىچىدە بولغان پىچان، تۇرپاندىكى يەر جاي ناملىرى بولۇپ، بۇلاردىن بەزىلىرى شەھەر ناملىرى بولسا، بەزىلىرى مەھەللە، كەنتلەر ئىدى. بۇلاردىن ھازىر ئەينى ساقلىنىپ قالغان جاي ئىسىملىرى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، مۇتلەق كۆپىنچىسى ئۆزگەرگەن. بۇ ئىسىملار بىزگە بوش ھالىتىدە تۇرغان يەر - جاي ناملىرى تەتقىقاتىدا ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە.

② ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىمۇ نۇرغۇنلىغان ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن. مەسىلەن، ئورخۇن بويى دەۋرلىرىدە ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى كۆپىنچە تاغ - دەريا، دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھ، ئۇچار قۇش ۋە ھايۋانات قاتارلىقلاردىن ئېلىنغان نام - ئىسىملار بولغان بولسا، ئىدىقۇت دەۋرىدە بۇددا دىنى نام - ئاتالغۇلىرىغا چېتىلىدىغان بىر قىسىم كىشى ئىسىملىرى بارلىققا كەلگەن. ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندا ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا ئىسلام - ئەرەب مەدەنىيىتىگە باغلىق بولغان نام - ئاتالغۇلار ئومۇملاشقان. ھازىرقى زاماندا ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا يېڭى دەۋرگە خاس بولغان نام - ئاتالغۇلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. دېمەك، بۇ كىتابقا ئېلىنغان ھۆججەتلەردىن بىز

ئەنە شۇ ئۇيغۇر بۇددا مەدەنىيىتى گۈللەنگەن دەۋردىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلىرىگە قارىتا مۇئەييەن مەلۇماتقا ئىگە بولىمىز. بۇ، ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

③ ئىدىقۇت ھۆججەتلىرىدىن ئەينى دەۋردە ئىشلىتىلگەن ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مىس قۇيما پۇللارنىڭ بارلىقىنى، شۇنداقلا «گۈەنبۇ» (بەزىدە قۇەنپۇ) دەپ ئاتىلىدىغان رەختكە تامغا بېسىلغان پۇللارنىڭ بولغانلىقىنى بىلىمىز، ياستۇق، ساتىر، باقىر دېگەندەك پۇل بىرلىكى نام - ئاتالغۇلىرىنى ئۇچرىتىمىز. بۇلار بىزنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋردىكى پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى چۈشىنىشىمىزگە بەلگىلىك ماتېرىيال ئاساسى يارىتىدۇ.

④ ئىدىقۇت ھۆججەتلىرىدىن بىز قالان، ئىنجۇ، تۇتۇن بېجى، ئات بېجى، يەر بېجى...... دېگەندەك نۇرغۇن باج - سېلىقلارنىڭ بولغانلىقىنى بىلىمىز.

⑤ ھۆججەتلەردىن ئىدىقۇت دەۋرىدە بىر قەدەر ئېغىر بولغان ئىقتىسادىي جەرىمانە، مەمۇرىي جازا (مال - مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىش ۋە ئائىلىدىن بىر ئادەمنى چېرىكلىككە مەجبۇرىي تۇتۇش) ھەم تەن جازاسى قاتارلىق جازالاش ۋە جەرىمانە قويۇش ئادەتلىرىنىڭ بولغانلىقىنى ئۇقىمىز.

⑥ ھۆججەتلەردىن دىندارلارغا ئالاھىدە ئىمتىيازلار بېرىلگەنلىكىنى — ئىبادەتخانىلارنىڭ كۆپلىگەن ۋەخپە يەرلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، دىندارلارنىڭ ھاشا - سېلىقتىن خالىي ئىكەنلىكىنى، «شازىن ئايغۇچى» دەپ ئاتىلىدىغان دىنىي زاتلارنىڭ سوت ئىشلىرىدا بەلگىلىك ئىمتىيازغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، مۆتىۋەر دىنىي زاتلارنىڭ ئالاھىدە كۈتۈنۈش مۇئامىلىسىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى ... بىلىمىز.

⑦ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ فېئوداللىق مۇناسىۋەتلىرى ئورنىتىلغان جەمئىيەت باسقۇچىغا كىرگەن دەۋرى بولسىمۇ، ئېلىم - بېرىم ھۆججەتلىرىدىن بىز ئەينى دەۋردە يەنىلا قۇل ئېلىپ - سېتىش، قۇللارنى ھۆرلۈككە چىقىرىشتەك ھادىسىلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن خەۋەردار بولالايمىز.

⑧ «توي، نەزىر خىراجەت خاتىرىسى» دىن بىز ئەينى دەۋر ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىغا خاس بولغان قىممەتلىك ئېتنوگرافىك (ئۆرپ - ئادەتكە تەئەللۇق) مەلۇماتلارغا ئېرىشىمىز.

⑨ ئېلىم - بېرىم تىلخەتلىرىدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئىنتايىن ئېغىر بولغان يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز مۇئامىلىلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بايقايمىز.

⑩ ئېلىم - بېرىم تىلخەتلىرىنىڭ ئاددىي پۇقرالار تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى ۋە بۇنداق تىلخەت، پۈتۈمنامىلەرنىڭ ئېلىم - بېرىم ئىشلىرىدا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان بىر خىل ئەھۋال ئىكەنلىكىدىن بىز ۋاستىلىك ھالدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى مائارىپ ئەھۋالىنى قىياس قىلالايمىز.

⑪ تارىخى ماتېرىياللاردىن ۋە ئىدىقۇت يازما ۋەسىقىلىرىدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، قىتانلار دۆلىتى (لياۋ سۇلالىسى)، تاڭغۇت قاتارلىق جايلارغا تۈركۈملەپ سودا كارۋانلىرىنى ماڭدۇرۇپ تۇرغانلىقىنى، ھەتتا ئىدىقۇت خانلىقى ئۆز زېمىنى چېگرىسىدىن ئۆتكەن سودا كارۋانلىرىدىن چېگرا بېجى ئالغانلىقىنى، شەخسلەرنىڭ تاڭغۇت، كۇچا قاتارلىق جايلارغا دائىم سودىغا مېڭىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. بۇ مەلۇماتلار بىر تەرەپتىن بىزگە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى «يىپەك يولى» سودىسىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دىپلوماتىيە مۇناسىۋەتلىرىنى ۋاستىلىك چۈشەنگىلى بولىدۇ.

⑫ بەنە بەزى ۋەسىقىلەردىن (ئىدىقۇت دەۋرىگە تەئەللۇق ۋەسىقىلەردىن) ئىدىقۇت - گەنجۇ - ئورخۇن ئارىلىقىدا خەت - ئالاقىلەرنىڭ بولۇپ تۇرغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇنىڭدىن بىز گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىلار خانلىقى دائىرىسىدە قىسمەن ھالەتتە خەت - ئالاقىلەرنىڭ بولۇپ تۇرۇشى سەۋەبلىك بىر ئېتنىك مەنبەگە ئىگە بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر پۈتۈنلۈككە ئىنتىلىشتەك تارىخىي پسىخىكىسىنىڭ نامايەندىسىنى كۆرۈپ يېتىش ئىمكانىيىتىنى تاپىمىز.

⑬ ئىدىقۇت دەۋرىدىن قالغان ھۆججەتلەردىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ چاغاتاي خانلىقىغا قارام بولغان ۋاقتىدىكى قىسمەن ئەھۋاللارنى، مەسىلەن، چاغاتاي خانلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى، چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئىدىقۇت خانلىقىغا نىسبەتەن داروغالىق (مەخسۇس خادىملار نازارەتچىلىك قىلىدىغان سىياسەت) تۈزۈمىنى يولغا قويغانلىقىنى، ئىدىقۇت خانلىقى گەرچە چاغاتاي خانلىقىغا قارام بولسىمۇ، ئىچكى جەھەتتە يەنە ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان ھالەتكە يول قويۇلۇپ، خانلىق بەرلەرگە باج - سېلىق بەلگىلەنمەسلىكتەك ئەھۋاللارنىڭ ساقلانغانلىقىنى چۈشىنىمىز.

قىسقىسى، ئۇيغۇر تارىخىنى، جۈملىدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە يارىتىلغان ئۇيغۇر بۇددا مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا «ئىدىقۇت ھۆججەتلىرى»، تىلخەت - پۈتۈمنامە، توختامنامە، كېلىشىمنامە، پەرمان - بۇيرۇقلار، يازما ۋەسىقىلەر بەئەينى بىر «قامۇس» ھېسابلىنىدۇ. ئۆتمۈشنى تەتقىق قىلماي بۈگۈنكى تەرەققىياتنىڭ ئاساسىنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس، بۈگۈننى ياخشى قۇرۇش ئاساسىدىلا كەلگۈسىگە پۇختا قەدەم باسقىلى بولىدۇ. دېمەك، «ئىدىقۇت ھۆججەتلىرى» ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا بىباھا گۆھەردۇر. بىز تارىخنى، تارىخىي مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلغاندا ئەزەلدىن «قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن، چەت ئەللىكنى جۇڭگو ئۈچۈن

خىزمەت قىلدۇرۇش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، تارىخىي نەرسىلەرگە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز، «شاكىلىنى چىقىرىپ، مېغىزىنى ئېلىش» ئۇسۇلى بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە.

«ئىدىقۇت ھۆججەتلىرى» گە كىرگۈزۈلگەن نەمۇنىلەرنىڭ قايسى مەنبەدىن ئېلىنغانلىقى ھەر بىر «ھۆججەت» نىڭ تەتقىقات قىسمىدا ۋە زۆرۈر ئىزاھاتلاردا كۆرسىتىلدى. مەن بۇ ھۆججەتلەرنى ئەنە شۇ مەنبەلەردىكى ترانسكرىپسىيىلىك مەتىنلەر ئاساسىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆرۈپ چىقتىم. بۇ ئەسەرنى مەن يۈزەكى تەتقىقات سەۋىيەمگە تايىنىپ ئىشلەپ چىقتىم. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئوقۇش ئىقتىدارىمنىڭ بولمىغانلىقى ۋە مۇلاھىزە سەۋىيەمنىڭ يېتەرسىز بولۇشى تۈپەيلىدىن ئەسەردە خاتالىقلارغا يول قويۇلغان بولۇشى تەبىئىي. ئۇستازلارنىڭ، بۇ يولدا ئىلگىرى يول ئاچقان پېشقەدەملەرنىڭ، كەسىپداشلارنىڭ ۋە ئىدىقۇتشۇناسلىق تەتقىقاتىغا پۇختا ئاساس ھازىرلاۋاتقان يولداشلارنىڭ تەنقىدىي تۈزىتىش بېرىشلىرىنى قارشى ئالىمەن.

ئاخىرىدا بۇ ئەسەرنى ئىشلەشكە يېقىندىن ياردەمدە بولغان ئابدۇبەسىر ئابلىمىت، گۈلمېھرە ئىمامھەسەن قاتارلىق يولداشلارنىڭ سەمىمىي ھەم خالىس ياردىمىگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. شۇنىڭدەك، بۇ ئەسەرنىڭ يورۇقلۇققا چىقىشىدا مەتبەئە ئىشلىرىدا سەمىمىي ياردەمدە بولغان — ئىدىقۇت دىيارىدىن چىققان ئىقتىدارلىق كارخانىچى ئەركىن خالىق ئەپەندىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

2000 - يىلى 30 - مارت. ئۈرۈمچى.

# مۇھەررىردىن

ئىسمايىل تۆمۈرى 1949 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە ئىشچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1958 ـ يىلىدىن 1968 ـ يىلىغىچە تورپاندا ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە مەكتاپلەردە ئوقۇغان. 1979 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكولتېتىنى تۈگىتىپ ئۈرۈمچىدە ـ كومبايىن زاۋۇتىدا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولغان. 1981 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 1997 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ئىشلەپ، كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچى ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

20 يىلغا يېقىن تەتقىقات خىزمىتى جەريانىدا ئاپتورنىڭ يۈز پارچىدەك ئىلمىي ماقالىسى، «ئائىلە تەربىيىسى ئوقۇشلۇقى» ناملىق مەخسۇس ئەسىرى ۋە ئىدىقۇتشۇناسلىق سىستېمىسىدىكى «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» (1995ـ يىلى نەشرقىلىنغان)، «ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» (1998 ـ يىلى نەشر قىلىنغان) ناملىق مەخسۇس ئىلمىي ئەسىرى نەشر قىلىنغان. مەزكۇر ئەسەر ئاپتورنىڭ ئىدىقۇتشۇناسلىقتىكى ئۈچىنچى ئىلمىي ئەسىرى.

ئىسمايىل تۆمۈرى ھازىر شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇلى، شۇنداقلا ئەدەبىيات فاكولتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە. ئاپتور ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتى، كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىق ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى.

# ھۆكۈمەتتىن چۈشۈرۈلگەن ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش (يەنى «مۇقەددەس يارلىق») توغرىسىدا تەتقىقات

«ھۆكۈمەتتىن چۈشۈرۈلگەن ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش» (يەنى «مۇقەددەس يارلىق») نى ياپونىيىلىك ئۇمېمۇرا خىروشى (مى سۇتتەن) ئەپەندى «شەرقىي دېڭىز ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 59 ـ جىلد 1 ـ، 2 ـ قوشما سانلىرىدا ياپونچە تەرجىمىسى بىلەن ئۆزىنىڭ قىسقىچە تەتقىقاتىنى «XIII ئەسىردىكى ئۇيغۇر بەگلىرىنىڭ ھوقۇقى» ناملىق ماقالىسىدە ئېلان قىلغانىدى. تېكىستنىڭ بېشىدا بۇ «مۇقەددەس يارلىق» نىڭ مىلادى 1276 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىكى يارلىق ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. مۇشۇ بىلىنامىگە ئاساسلانغاندا، مەزكۇر يارلىق چاغاتاي خانلىقى تەرىپىدىن يەرلىك ھۆكۈمەتكە، يەنى ئىدىقۇت خانلىقىغا چۈشۈرۈلگەن ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ. چۈنكى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى زېمىنى چاغاتاي خانلىقى تېررىتورىيىسى ئىچىگە ئېلىنغان بولۇپ، گەرچە ئىدىقۇت مەلۇم دائىرىدە ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلىغان ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئومۇملىقتا چاغاتاي خانلىقىغا قارام بولۇشتىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى (بۇ چۈشەنچىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە مەزكۇر كىتابتىكى «باج كەچۈرۈم قىلىشنى ئۆتۈنۈش ئىلتىماسى» غا قارالسۇن). مەزكۇر «يارلىق» تېكىستىنىڭ بىرىنچى سۆزىدىكى «ئىدىقۇتقا» دېگەن ئىبارە بىزنى مەزكۇر «يارلىق» نىڭ چاغاتاي خانلىقىدىن يەرلىك ھۆكۈمەتكە — ئىدىقۇت خانلىقىغا (بۇ يەردىكى «ئىدىقۇتقا»

دېگەن سۆز ھەم ئىدىقۇت خانلىقىنى ھەم خاقاننى بىلدۈرىدىغان قوش مەنىگە ئىگە، ئەگەر ئۇ ئايرىم كىشى ئىسمى بولمىغاندا) چۈشۈرۈلگەن «ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش» دەپ قارايمىز.

مەزكۇر «يارلىق» نىڭ ئەسلى مەتنىنى (ئەسلى قولىيازما شەكلى)، فاكسىمىلى (فوتو سۈرەتكە ئېلىنغان نۇسخىسى) ياكى ترانسكرىپسىيىسىگە نائىل بولۇشتىن مەھرۇممىز (ئەپسۇس)، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بىز ئۇمېمۇرا خىروشى ئەپەندى ئېلان قىلغان ياپونچە تەرجىمىسى ئاساسىدا ئىشلەپ چىققان بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تېكىستنى مەزكۇر «يارلىق» نىڭ ئىلمىي قىممىتىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا جامائەتچىلىككە تەقدىم ئېتىشكە ئالدىرىدۇق.

«يارلىق» نىڭ ئۆزىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، بۇنىڭ ئىلمىي قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى تۇرىدۇ. چۈنكى «يارلىق» تا ئەينى دەۋردە ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق 24 بالىق (شەھەر) بارلىقى، ئەينى دەۋردە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە قىز بالىنى سۇغا تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان يامان ئىللەتلەرنىڭ ساقلانغانلىقى، بۇنداق گۇناھ قىلغۇچىلارغا ئىقتىسادىي جەرىمانە ۋە جازا بېرىلىدىغانلىقى، مۇشۇنداق ئەل قانۇنىغا خىلاپ ھادىسىلەرنى پاش قىلغۇچىلارغا مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقى — قۇل بولسا قۇللۇقتىن ئازاد قىلىنىپ ئەركىن يۇقىراغا ئايلاندۇرۇلىدىغانلىقى... قاتارلىق ئەينى دەۋر، ئەينى مۇھىتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى مەلۇم بولىدۇ. بىز بۇنىڭدىن ئەينى دەۋردىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە قانۇن - تۈزۈملەرنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم بولغان بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن ئۇچرىشالايمىز.

# «ھۆكۈمەتتىن چۈشۈرۈلگەن ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى

ئىدىقۇتقا، تەخەيبۇقا (ۋە) ئىسىبۇقا دېگەن ئىككىيلەنگە، قارا قوچۇ، لۈكچۈن، تۇرپاندىن باشلاپ 24 بالىقچىدىكى قۇتلۇق بەگلەرگە، قۇتلۇق راھىبلارغا، ئېركېئۇن (مەزكۇر ئاتالما ياپونچىدە «خرىستىئان دىنىنىڭ نېستورىيان مۇخلىسلىرىغا» دەپ ئىزاھلانغان) لارغا، يۇقىرالارغا مۇقەددەس مەقسەت مەلۇم بولغايكى: «خارشا(؟) دىكى شازىن ئايغۇچىنىڭ[1] ھىلاكۇ تۇتۇقى شۇنى سۇنماقچىكى: قارا قوچۇ بالىقىدىكى كىشىلەرنىڭ كېلىنلىرى قىز تۇغسا كۈيىنچىسىنى سۇغا تاشلاپ تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرىدىكەن. تۇلۇمۇشنىڭ قىزىنى سۇغا تاشلىۋەتكەندە سىئانقايا باشچىلىقىدىكى كىشىلەرنى تۇتۇپ سېچىنقان بىلەن بوسان تۈمۈر ئىككى كىشىگە ئېيتقاندا، ئۇلار ئېنىق سۈرۈشتۈرمەي، ئەكسىچە ئېيتقۇچىلارنى تۇلۇمۇشقا تۇتۇپ بەرگەن» دەپ ئەرز سۇنۇپ باشلامچى بولغاچقا سىئانقايا ۋە تاشقايا باشچىلىقىدىكىلەر يۇقىرالىقتا چۈشۈرۈلگەن. بۇندىن كېيىن كىمكى قىزلىرىنى سۇغا تاشلىسا، مال - مۈلكىنىڭ يېرىمى مۇسادىرە قىلىنىدۇ ھەمدە ئۆيدىكىلەردىن بىرى چېرىكلىككە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئىشنى ئالدىن پاش قىلغۇچىلار ئەگەر قۇل - دېدەك بولسا قۇللۇقتىن ئازاد قىلىنىدۇ، يۇقىراغا ئايلاندۇرۇلىدۇ...... قىز بالىنى سۇغا تاشلىغانلار بولسا، مۇنداق گۇناھ قىلغان يۇقىرا ھەم ئەمەلدارلار مۇشۇ يارلىقتا ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ[2]»

---

① شازىن ئايغۇچى — بۇ يارلىقتا سوتتا دىنىي ۋەز ئېيتقۇچى كىشى مەنىسىدە.

② بۇ ھۆججەت «شەرقىي دېڭىز ئىلمىي ژۇرنىلى» ياپونچە 1977 - يىلى 10 - ئايلىق سانى، ئومۇمىي 59 - جىلد، 1 -، 2 - قوشما سانىدىن ئېلىندى.

I

# «مانى دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى» توغرىسىدا تەتقىقات

«مانى دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى» نى ئېلىمىز ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى ئازادلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش جەريانىدا تۇرپاندىن تاپقان. بۇ يادىكارلىق ئۇرالما ھۆججەت شەكلىدە يېزىلغان. ھازىر ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 270 سانتىمېتىر بولۇپ، جەمئىي 125 قۇر خەت يېزىلغان. بۇ ھۆججەت ھازىر جۇڭگو تارىخىي مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

بۇ ھۆججەتنىڭ باش تەرىپى كەمتۈك، بەزى خەتلىرى ئۆچكەن، ئايرىم يەرلىرى ئېغىر دەرىجىدە پەرسۇدە (زېدىلەنگەن) بولغان. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ھۆججەتنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى خېلى ئېنىق مەلۇم بولىدۇ.

بۇ ھۆججەت توغرىسىدا گېڭ شىمىن ئەپەندى تۇنجى بولۇپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ھۆججەتنىڭ لاتىن ھەرپلىرى بىلەن قىلىنغان ترانسكرىپسىيىسى، سۆزلۈكى، ئىزاھلىرى بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ كۆز قاراش، مۇلاھىزىلىرىنى قوشۇپ، «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1978 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلغان. «مانى ئىبادەتخانىسى ھۆججىتى» ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى

ئوردىسىدىن ھۆكۈمەت ھۆججىتى قاتارىدا مانى ئىبادەتخانىسىغا تارقاتقان ھۆججىتى بولۇپ، گېڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ كۆز قارىشى بويىچە، بۇ ھۆججەتنىڭ يىل دەۋرى مىلادى IX — XI ئەسىرلەرگە تەئەللۇق ئىكەن[1]، ھۆججەتكە «ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى» دېگەن تامغا، ۋەزىرلەر تامغىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مۇناسىۋەتلىك تامغىلاردىن بولۇپ، جەمئىي ئون بىر تامغا بېسىلغانىكەن[2].

ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەرنىڭ تەگدىن تولىسى بۇددا دىنىغا تەئەللۇق نەرسىلەر بولۇپ، مانى دىنىغا ئائىت يادىكارلىقلار ناھايىتى ئاز سالماقنى ئىگىلەيتتى. شۇنىڭدەك بۇ يازمىلارنىڭ كۆپىنچىسى دىنىي ئەسەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ تەرجىمىلىرى، ئەدەبىياتقا دائىر ئەسەرلەر، پارچە - پۇرات ئېلىم - بېرىم توختامنامىلىرى ۋە باشقا مەزمۇندىكى يازما يادىكارلىقلار ئىدى. «مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى» نىڭ ئىلمىي قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، بىز ئۇنىڭدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى مانى دىنىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى، مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى قاتارلىق جەھەتلەردە خېلى مۇھىم مەلۇماتلارغا ئىگە بولىمىز.

مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، يەنى مىلادى 762 - يىلى مانى دىنىنى قوبۇل قىلغانىدى. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىپ، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، مەدەنىي مەركىزىنى ھازىرقى شىنجاڭ رايونىغا يۆتكىگەندىن كېيىن گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار خانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ پاراللېل خانلىق قۇرغان. بۇلاردىن گەنجۇ

---

① «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى»، خەنزۇچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىلى نەشرى، 530 - بەتكە قارالسۇن.
② يۇقىرىقى كىتابنىڭ 530 - بەتكە قارالسۇن.

ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بۇددا دىنىغا، قاراخانىيلار خانلىقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانىدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەلىكىدە گەرچە بۇددا دىنى خېلى كۈچلۈك ئورۇندا تۇرغان بولسىمۇ، مانى دىنىمۇ مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيتتى. ئىدىقۇت شەھىرى، يارغول، بېشبالىق، كۈچا قاتارلىق جايلار ئەينى دەۋردىكى مەشھۇر بۇددىزىم مەركەزلىرى ئىدى. بېزەكلىك، تۇيۇق، لەمجىن، قىزىلتاغ (يالقۇنتاغ ياكى ئىدىقۇت تېغى) جىلغا - ياردائىلىقلىرىدا، قىزىل دەريا بويى، ئۆگەن دەريا بويى، قىزىل قاغا، قۇمتۇرا، سىم - سىم قاتارلىق ئورۇنلاردا ۋە شىكشىن تۆپىلىكلىرىدە قېزىلغان بېزەكلىك ئۆيلەر، بۇددا مىڭ ئۆيلىرى خېلى كۆپ ئىدى. بۇ ھال، بۇددا دىنىنىڭ ئىدىقۇت خانلىقى تەۋەسىدە دۆلەت دىنى سۈپىتىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھالبۇكى، مانى دىنىمۇ خېلى تەرەققىي تاپقانىدى. بۇنىڭ تۇپ سەۋەبلىرىدىن بىرى XI - X ئەسىرلەردە ئىدىقۇت خانلىرى مانى دىنىغا چوقۇناتتى.

تېخىنوف گەردىزىدىن نەقىل ئېلىپ: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى مانى كىتابلىرىدىن قىرائەت قىلىدۇ» دېگەنىدى. بارتولد «كاتالوگ» دېگەن كىتابىدىن نەقىل كەلتۈرگەن بىر قىزىقارلىق خەۋەردە مۇنداق دېيىلگەن: توققۇز ئوغۇز (قوچۇ ئۇيغۇرلىرى) نىڭ خانى كىشىلەردىن سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى سەمەرقەنتتىكى مانى مۇخلىسلىرىغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ، سامانىيلار خانلىقىنىڭ ئەمرىنى قورقۇتۇپ: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى زېمىنىدىكى مۇسۇلمانلار سامانىيلار خانلىقىدىكى مانى مۇخلىسلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ. ئەگەر سامانىيلار خانلىقى مانى مۇرىتلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا، قوچۇ خانلىقى ئۆز زېمىنى ئىچىدىكى مۇسۇلمانلارغىمۇ زىيانكەشلىك قىلىدۇ» دەپتۇ.

بۇ گەپ دەرھال ئۇنۇم بېرىپ، سامانىيلار خانلىقى مانى مۇرىتلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىش پىلانىدىن ۋاز كەچكەنىكەن.[①] قوجو ئۇيغۇر خانلىقى خانىنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئۇنىڭ خانلىقىنىڭ مانى دىنىنى خېلى بەك قوغدايدىغانلىقىنى، مانى دىنىغا قارىتا يوقىتىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشكە يول قويمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بىر قانچە دىن تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، بۇددا دىنى دۆلەت دىنى مەۋقەيىدە راۋاجلانغان بولسىمۇ، خان جەمەتىدىكى ئاساسلىق ئەربابلارنىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى سەۋەبلىك، مانى دىنىغا ئىدىقۇت خانلىقىدا خېلى چوڭ ئىمتىياز ۋە ئىمكانىيەتلەر بېرىلگەنىدى. ئۆز نۆۋىتىدە مانى دىنىمۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا مەلۇم تەسىر كۆرسەتكەنىدى. دۆلەتنىڭ بىر قانچە چوڭ سىياسىي ئىشلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىغا مانى ئەربابلىرى قاتنىشاتتى، خانلىقنىڭ ئىچكى رايونلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مانى ئەربابلىرىنىڭ باشچىلىقىدا باراتتى. تاكى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندىمۇ، مانى مۇخلىسلىرى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ئىچكىرىگە ئەۋەتىلەتتى[②].

ئەھۋال شۇنداق بولغاچقا، ئىدىقۇت خانلىقى زېمىنىدا مەخسۇس مانى ئىبادەتخانىلىرى بولغان. ئىبادەتخانىلارنىڭ ئىلكىدە نۇرغۇن تېرىلغۇ يەرلەر، ئۈزۈمزار باغلار، چارۋا ـ ماللار بار ئىدى. ئىبادەتخانىلارنىڭ يەرلىرىنى ئىجارىگە تېرىيدىغان، ھەقسىز «ھاشار ئەمگىكى» قىلىدىغان ئىشلەمچىلەر، كۆتكۈچىلەر، ئۇستىكارلار، تېۋىپلار بولغانىدى. مانى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ تۈزۈمى

---

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989-يىلى نەشرى، 141 ـ، 142 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.
② يۇقىرىقى كىتابنىڭ 143 ـ بېتىگە قاراڭ.

ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، مانى راھىبلىرىنىڭ ئىچىدە مەرتىۋە پەرقى ناھايىتى چىڭ ئايرىلاتتى. موجاكلار (دىن تارقاتقۇچىلار) ئەڭ يۇقىرى قاتلام، ئاۋدىتۇلار (تىڭشىغۇچىلار) تۆۋەن قاتلامدىكى ئېتىقادچىلار ئىدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى زېمىنىدىكى مانى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەسى بىر قانچە تەرەپتىن كېلەتتى. خانلىق تەرىپىدىن ئاجرىتىلغان مەخسۇس «ۋەخپە» يەرلەر، باي - مۆتىۋەرلەر ئىئانە قىلغان تېرىلغۇلۇقلار، مېۋىلىك باغلار ۋە مال - چارۋىلار، ئاھالىدىن يىغىلىدىغان «ئۇشرە - زاكات» ۋە تېۋىنغۇچىلار، ساخاۋەتچىلەردىن يىغىلىدىغان خەير - ئېھسان پۇل - ماللاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇنداق كەڭرى ئىمتىياز «ھۆججەت» مەزمۇنىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، خانلىق تەرىپىدىن كاپالەتكە ئىگە قىلىناتتى.

«ھۆججەت» مەزمۇنىدىن مەلۇم بولۇشىچە، مانى ئىبادەتخانىلىرىغا باغلانغان ئىجارىكەش ۋە ياللانما دېھقانلار ھەر يىلى ئىبادەتخانىغا 960 دەن (بىر دەن تەخمىنەن 400 جىڭ ئەتراپىدا) بۇغداي، 84 دەن كۈنجۈت، 24 دەن پۇرچاق، 36 دەن تېرىق (ھەر ئايلىققا كېتىدىغان 80 دەن بۇغداي، 7 دەن كۈنجۈت، 2 دەن پۇرچاق، 3 دەن تېرىق ھېسابى بويىچە ھېسابلىغاندا - ھۆججەتنىڭ 26 -، 28 - قۇرلىرىغا قارالسۇن) تاپشۇرۇشى شەرت ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، مانى ئىبادەتخانىسىغا تاپشۇرۇلىدىغان 4125 قوقپۇ رەخت تىلغا ئېلىنىدۇ. (35 - قۇرغا قاراڭ) ھۆججەتتە يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە راھىبلارنىڭ قىشلىق ۋە يازلىق كىيىم - كېچەكلىرى ئۈچۈن بېرىلىدىغان 500 قوقپۇ رەخت (39 - قۇرغا قاراڭ) ۋە بۆز تىلغا ئېلىنىدۇ. كىچىكرەك تەمىناتلاردىن پاختا، قومۇچ ۋە قوغۇنلارمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ.

يۇقىرىقىدەك تەمىناتلاردىن بەھرىمەن قىلىنغان مانى ئىبادەتخانىلىرىدا خېلى كۆپ ساندىكى مەجبۇرىي ھاشار ئەمگىكىگە

سېلىنىدىغان ئىشلەمچىلەر، مەسىلەن، مال باققۇچى، غاز - ئۆردەك باققۇچى، ئوتۇنچى، كىگىزچىلەرمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. دېمەك، مانى ئىبادەتخانىلىرىغا بېرىلگەن ئىمتىياز ھەقىقەتەن ئاز بولمىغان. بۇ ھال، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا مانى دىنىنىڭ شۇ قەدەر ئۇلۇغلانغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، شۇنىڭدەك بىز «ھۆججەت» مەزمۇنىدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەشغۇلاتلىرىنىڭ قىسمەن تەرەپلىرىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

# «مانى دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆجىتى» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى

قۇر نومۇرى:

1. قارغۇچىلار كىرزۇن، قارگ… بولسار يمه ئىلكىيه (؟)
2. قانمقتا كىرسەر، (ماند) مستانتاقى يارلىق
3. بىرله كىرزۇن. كىرگۇر (مىسن)…… دەكى تۆرۆچه
4. ئىلكى(؟) دەكى تۆرۆچه ئىش (ئايغۇ) چى موژاك ئىلىمغا

تۇتۇق

5. ئىشلەتزۇن. تاس سىيىت بارس ت(ا)رقان تەمىر ياقىسى

تۇتزۇن.

6. ……… زۇن. ئۆرتۇڭۇ بولسار ئىكەگۇ
7. ……… ئاسۇر ……… تىساڭاغ ئىكەگۇ بىرله
8. ……… ۇن. ساچغۇچا …… لار …… (ئۆكتۇن بالىغ) داغى

ئىسىگ (كۇچۇگ)

9. (ت)اغاي بارس ئىلىمغا ئۆز (ئىش)لەزۇن. كىدىن

بالد(قتاقى)

10. ئىسىگ كۇچۇگ قۇمار بارس ت(ا)رقان ئىشلەزۇن. باغ
11. (بورلۇق) يىر سۇۋقاق تىمەزۇن، ئۆز ئىتۇرزۇن. ئۆكتۇن
12. ب(القتاقى با) غ بورلۇق تۇسىۇز (؟) بولسار تاغاي بارس
13. (ئىلىمغا) (بۆز)…… (قاۋ) رىقا تەگزۇن. كىدىن
14. بالىقتاقى ئىش (ئاغدۇق بولسار قۇمار بارس
15. ت(ا)رقان قىڭا قىز (غۇتقا) تەگزۇن. ئۆكتۇنگى

د(ەتەگ)

16. يىغغۇ تىرگۇ بار ئەرسەر ئىلىمغا تۇتۇق يىغىپ

17. ياقىسى تۇتزۇن. (كىدىنگى نەتەگ)ي(ـ)غغۇ تىرگۇ بار ئەرسەر قۇمار

18. (نىڭ يۇمىس) چىسى (ياقىسى تۇتز-)ۇن. ئاغىلىقىا كىرگۇسىن.

19. ئاغىلىقىا قوچۇ ئەۋ(؟)…… (ق)ا كىرگۇسىن تۇكەل

20. كىگۇرزۇن. ئەكەگۇ ب(ىرلە ياقىسى) ئىشلەتزۇن يۇڭل(ازۇن)

21. بىرلە تۇتزۇن. ئۇڭتۇن يىڭاق يىرسۇۋ ئۇكۇش ئۇچۇن

22. (با)لىقتاقى ئەۋ تۇرۇق قوقپۇ يىغغۇ يىر سۇۋلار ئىتگۇ قۇمار بارس

23. …… (ئۇ) ڭتۇنگى كىدىنگى تۇتۇن دۇمەن

24. يىر (سۇۋ) بورنىڭ ياقا (؟)نىڭ ئالتمىس ئىكى قوقپۇ ئۇزە

25. بۇز تەگسۇرۇپ تگرى ياد …… كەدگۇ بۇز بىر (زۇن)

26. ئاي سايۇ ئىكى ئەنچمن تگرىلەرگە سەكىزەر ئون سىق

27. بۇغداي يىتى سىق كۇنچىت ئىكى سىق پۇرچاق ئۇچ

28. سىق قونۇق (بىرزۇن)لىۋ تۇتزۇن. ئۇدمە

29. ب(ىرىپ)…… ت(ساڭ) تا باسا ئىكى ئىش ئايغۇچىلار (بىرزۇن)

30. ئۇز ئۇزاغۇتقا (ئىش ئايغۇ)چىلار لىۋ تۇتزۇن. مو(ژاككا)

31. لىۋ بىرىپ تگرىلەر ئاشى سۇۋسۇسى تەڭ سىر بولسار ئىكى

32. خرۇخانلار ئۇز ئاشى ئازۇقى بىرلە بېرىپ، سولمى

33. مانىستان …… ئۇلۇرزۇن. ئىش ئايغۇچىلار قىڭا

34. قاۋرىقىا تەگزۇن. (ئد)ش ئايغۇچى ئاغىلىقىا كىرۇر

بو(لغۇلۇق)
35. يىر تۆسى تۆرت مىڭ يۈز بىس ئوتۈز قوقپۇ
بورۇ(ان) ( ؟ )
36. تۆرۈچە سىرۋىيىت قانىقتا كىگۈرزۈن. مانىستان تاق
37. (نە) تەگ تۆرلۈگ ئىش كۆچ بولسار ئىكى خرۆخانلار
ئىش
38. ئايغۇچىلار بى(رلە ئىش)لەتزۈن. كەدمە تىكرمەنىنىڭ
39. بىس يۈز قوقپۇدا ئەلىگ قوقپۇ كەدمەگە بىرزۈن.
40. تاقى قالمىس تۆرت يۈز ئەلىگ قوقپۇ كەدمەگە بىرزۈن.
41. ئەسپاسانچقا قىشقى تون ئەتۈك بولزۈن، كەپەز بۆزى
42. (نىڭ) ئالتمىس بۆز (ئەسپاسى) ئەسپاسانچقا يايقى تون
43. بولزۈن. ئىكى ئەنچمەن تگرىلەرنىڭ ئاشى
بوغزى د(ەگسىز)
44. بولمازۈن. بىر ئاي بىر خرۆخان بىر ئىش ئايغۇچى بىرلە
45. تۆرۈپ يىچانىپ ئاش بوغۇز ئۆزقىلتۇرزۈن. تاقى بىر
46. (ئا)يدا بىر خ(رۆخان) بىر ئىش ئايغۇچى بىرلە تۆرۈپ
47. يىچانىپ ئاش بوغۇز ئۆز قىلتۇرزۈن. قايۇ ئايقى
ئاش بو(غۇز)
48. ئاغدۇق بولسار، ئول ئايقى خرۆخان ئىش ئايغۇچى بىرلە
49. قاۋرىققا تەگزۈن. ئىكى خرۆخانلار ئىش ئايغۇچىلار
50. بىرلە تۆزۈپ ...... ئىگ ئاسچلاراگ ئۆتمەكچىلەرىگ
قاۋىرا
51. تۆرزۈنلار. تگرىلەر خۋانتا ئولۇرسار ئىكى خرۆخان(لار)
52. ئاداقىن تۆرۈپ ئاس(ە)غ سۇۋ...ۇسىغ ئۆرخانى
زماستىككە تەگى
53. تۆز تەگۈرۈپ، ئانتا كىن ئۆزلەرى خۋانتا ئولۇرزۈن.
54. مانىستانتا نەتەگ كۆچ بولۇپ تگرى موۋاككە
55. ئۆتۈككە كىد(سەر) ئىلكىدەكى تۆرۈچە خرۆخانلار ئىش

56. ئايغۇچىسىز كىرمەزۈن. ئىش ئايغۇچىلار يمە

خرۇخاز(سىز)

57. كىرمەزۈن. خرۇخانلار ئىش ئايغۇچىلار بىرلە تۇرۇپ

58. ئۆتۈنزۈنلەر. قام(ا) غىنغاي ئەسپاسى ئەرەن ئوغلانىسىز

59. تگرىلەر نەچە ئەر (سەر)، ئاگارۇ تاپىنزۈن. ئانتا

60. كىن قالمىش قام(ا) غىنغاي ئوغلان ئۆرخانى

زماستىك(تا)

61. تاپىنغۇچى ب(ە) لگۈلۈك قىلىپ خۇانتا ئۈز تاپىنتۇرزۈن.

بۇ بىتىگمن

62. ئەرەن تگرىلەر قىرقىن تگرىلەر مانىستانتا ئاسانسار

63. خۇانتا ئۆدمەگە بىر (ەر) ئىكرەر كۆپچۈك تاس سۇۋ

كلۇرۇپ

64. بور سۇۋى قىلىپ تگرىلەرگە ئۆرخانى زماستىككە تەگى

65. تۇزۇتەكۆرزۈن، ساچراغۇ تگرىلەر ئۆدمەگە بارسار

ئىسمىس

66. مىنىن ئۆگى يىغتۇرزۈن. قاچ(ا) ندا قانلۇ قىلغۇ بولسار

67. مۇنى ئۆزە قىلزۈن. بۇ ئىسمىس مىڭا تگرى موژاك

68. ئەفتادان ياغمازۈن. قانلۇ قىلغۇ بولسار تگرى موژاك

يرلىق(منچا)

69. خرۇخانلار ئىش ئايغۇچىلار بىرلە تۇرۇپ قىلتۇرزۈن.

ئىكى

70. ئەنچمن تگرىلەرنىڭ ئىكى تاۋاتسى سۇۋسۇسىڭا موژاك

71. ئەفتادان ياغمازۈن. تگرى موژاككە ئەفتادانغا كىم

72. تەگگەلى ك(ە) لسەر ئۆز سۇۋسۇسىن بىرزۈن

73. بىر ي(ىلقى) لىۋ(؟) بۇغداينىڭ سۆكتىسى بولۇر

ئىكى يۈز

74. سىق. بۇ ئىكى يۈز سىق سۆكتىدە يۈز سىق سۆكتى

75. ق ...... (تارىغۇچى) ئۆدلار يىزۈن. يۈز سىق سۆكتى

تڭرى
76. موژاكىنىڭ ئەفتادانىنىڭ كاۋاللارى يىزۈن. بۆ يۆز سىق
77. سۆكنى يىغمىش تۆتزۈن. ئاتلارغا يىزگۆ قاترزۈن
78. ئۆج ئوردۆداقى يىرلەرىگ ئۆج كىشىگە بىرزۈن.
79. بىر كۆلا يگامىرىر (؟) قاغۆن مانىستاڭا
ك(ە) لۆرز (ۆن).
80. ئوتۆز قاغۆن ئۆلۆغ مانىستانتا بىرزۈن. ئوتۆز قاغۆن
81. كىچىگ مانىستانتا بىرزۈن. بۆ قاغۆنۆر يىغمىس يىغىپ
82. ك(ە) لۆر (زۆن)، كەچىڭ (؟) قىلسار يىرمىس قاۋرىقا
تەگزۈن.
83. تڭرى موژاككا بىر كۆرى بىسىڭ سوڭۆن ئىچىنتە
(؟) ......
84. بىسىڭ سوڭۆن. ئىكى ئەنچمن تەڭرىلەرگە بىر تەنە
85. سوڭۆن بىرزۈن. ئۆڭتۆن كىدىن نەچە مانىستان —
86. لارداقى باغ بورلۆق يىر سۆۋ ئىكى ئىش ئايغۆچىلار
87. ئۆز ئىتۆرۆپ، يانا قاق يىرلەرى نەچە بار ئەرسەر،
88. ئاز ئۆكۆش ياقاغا بىرىپ يىرىگ كۆتۆرۆپ بور
89. تۆسىگە تەگۆرزۈن. تۆس كىرۆر يىرلەرىگ ئۆز
90. ئىتۆرۆپ تەسىن ئاسزۈن. ئىكى ئىش ئايغۆچىلار
91. ئىترە(س)مەزۈن. ئىترمىسىپ ئىش كۆج ئاغدۆق قىلسار
92. قىسڭا قىزغۆتقا تەگزۈن. بۆ يىر سۆۋ باغ
93. بورلۆق سەۋىڭا تڭرى موژاك ئەفتادان خرۆخانلار
94. قاتىلىمازۈن. ئىش ئايغۆچىلار بىلزۈن. ئىش ئايغۆچى
95. تاغاي بارس ئىلىمغا تۆتۆقا يۆمۆشچى كىچىگى
قۆتادمىش
96. يگەن. ئىش ئايغۆچى قۆمار بارس ت(ا) ر قاڭا يۆمۆشچى
97. (كد)چىگى ئىل كۆرمىش. بۆ ئىشلەرىگ ئىش
ئايغۆچىلار

ئاغدۇق ئۈز قىلسار ئۆگدىگە ئاچىقتا تەگزۈن.
98. ئۈز قىلسار ئۆگدىگە ئاچىقتا تەگزۈن. ئاغدۇق
زبينكيم بىرەر تەگزۈن. قىنگا يۈز ئۈچ قىلسار
99. قىلسار ئۈچ يۈز قىنگا تەگزۈن. بىرەر زبينكيم
مانىستانتاقى
100. ئۆچۈگى (؟) بىرلە قىزغۇت بىتىزۈنلەر. مانىستانتاقى
101. ئەرەنلەرنىگ ئىگەي چور باسۇق بىرلە باسىنا تۈرۈپ
102. ئىشلەتزۈن، ئىش ئايغۇچىلار كۆنلۈگ ئىشتىن ئايتو

تۈرزۈن.
103. بىر يىل يگرمى قاڭلى قامىش مانىستانغا كىرزۈن.
104. تاقى قالمىش قامىشىغ بورلۇقلار سايۇ ئۈلەزۈن.
105. ئىۋرخانى زماستىك سىرخان ئۇگەلەر ئىگلەسەر

كۆرۈتۈر (زۈن).
106. ئەملەتكۈچى ي(ۇمۇ)ش بىرزۈن. ئوتاچى ئوقىپ

. كلۈرۈپ ئوتىن
107. ئەمىن ئىش ئايغۇچىلاردا بك تۇتۇپ ئالىپ ئۈز

ئەملەتزۈن.
108. قايۇ دىنتارلار ئىگلەپ يىغمىس ئىسنمەسەر ئۈچ يۈز
109. (قىـ)ڭا تەگزۈن. ساۋغا(؟) كۈچكۈن بارزۈن.
110. مەنلىگ سانگۈن ئوغلانى، ئارسلان توڭا ئىنىسى بىرلە
111. كۈن كىيە ئوغلانى، ئىغاچچى بولمىش. بۇ تۆرت ئىلىگ
112. كىشى بىرەر سىق كەبەز ئىدىپ ك(ە)لۈرزۈن - يار

مانىستانتا
113. ئىكى كۈرى كەبەز بىرزۈن. ئالتى كۈرى كەبەز قوچۇ

مانىستان -
114. ڭا ك(ە)لۈرزۈن ...... مانىستانتاقى ئ ...... تۇڭچىلار

لالاك
115. كەدتۈغمىش، لىساسابى كۆرتلە، ب(ە) گتۈر بۇ ئۈچەگۈ
116. بىر كۈن بىرەر يۈك ئوتۇك ك(ە)لۈرۈر. قۇتلۇغ توڭا

قولمىش
117. بۇ ئىكەگۈ ئىكى كۈنتە بىر يۈك ئوتۇك ك(ە) لۈرۈر.

بۇ ئوتتۇگىچە

118. ـلارنىڭ ئوتتۇگىن ك(ە) لۇرۇپ ئالغۇچى ياقىشى قۇتلۇغ
ئارسلان.

119. دىنتارلارنىڭ ئاشى يىگ بولسار، ئۇچ يۈز قىڭقا
تەگزۈن.

120. مانىستان ساد(ـ)غ ئوتاچىلار ياقىشى ئاچارى ئىنىسى،
ئۇلى

121. بىرلە. سۆرگۈنچى تويىن باپاپ ئوغلى تاز. قازچى
باغتىسن

122. تويىن. كەدىزچى ئوغۇل بارس. زيغچىلار مۇنچا كىشى
مانىستاد(تا)

123. ئىشلەزۈن. ئوتاچىلار تۇرقاق تۇرزۇن. بالىق ئارقاسىنتا

124. تويىن ئارقا سىنتا برقان چوبان ياغمازۈن. كىم

125. قايۇ بولسار ئىشلەزۈن. ئادىن ئىشكە ياغمازۈن.

# «مانى دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوقۇلۇشى

قۇر نومۇرى:

1. كۆزەتچىلەر كىرسە بولىدۇ. كۆزەت ...... بولغان تەقدىردىمۇ
2. ئامبارغا كىرمەكچى بولسا، مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ يارلىقى
3. بىلەنلا كىرىشكە بولىدۇ. كىرگۈز (ۋشتە) ...... دىكى قائىدە بويىچە،
4. دەسلەپ (؟) دىكى قائىدە بويىچە ئىش بېجىرگۈچى موژاك ئىلىمغا تۇتۇق
5. ئىشلەتسۇن. تاس سىيت بارس تارقان، تەمىر ياخشى ساقلىسۇن.
6. ...... سۇن ناۋادا قاپقاق بولسا ئىككىسى
7. ...... ئا سۇر...... ئامبارنى ئىككىسى بىرلىكتە -
8. (ئاچس)ۇن. چاچقۇچە...... لار (جەنۇبىي شەھەرىستاندىكى) ئىشلارنى
9. تاغاي بارس ئىلىمغا ياخشى ئىشلىسۇن. شىمالىي شەھەرىستاندىكى
10. ئىشلارغا قۇمار بارس تارقان مەسئۇل بولسۇن. (ئۇ يەردىكى)

11. باغ - ۋارانلارنى، تېرىلغۇلۇقلارنى قۇرغاق يەر دېمەي، باشقىلارغا ياخشى تېرىتسۇن
12. ناۋادا جەنۇبىي شەھەرىستاندىكى باغ - ۋارانلار ھوسۇلسىز بولسا، تاغاي
13. بارس ئىلىمغا جازالىندۇ. شىمالىي
14. شەھەرىستاندىكى ئىشلار ئەگەر ياخشى ئىشلەنمىسە، قۇمار بارس
15. تارقان جازالىندۇ. جەنۇب تەرەپتە باج - سېلىق يىغىدىغان
16. ئىش چىقىپ قالسا، ئىلىمغا تۇتۇق يىغسۇن ۋە
17. ياخشى ساقلىسۇن. (شىمالىي تەرەپتە) باج - سېلىق يىغىدىغان ئىش
18. چىقىپ قالسا، قۇمارنىڭ ياردەمچىسى يىغسۇن ۋە ياخشى ساقلىسۇن
19. خەزىنىگە كىرگۈزىدىغانلىرىنى كىرگۈزسۇن. قوچۇ خەزىنىسىگە قويۇشقا
20. تېگىشلىكنىڭ ھەممىسىنى كىرگۈزسۇن. ئىككىسى بىرلىكتە ياخشى ئىشلەتسۇن.
21. بىرلىكتە ساقلىسۇن. جەنۇب تەرەپتىكى يەر - سۇ كۆپ بولغاچقا،
22. شەھەرىستاندىكى ئۆي - جاي (ۋە) ئۆشرە ئېلىنىدىغان يەر - سۇلارنى
23. قۇمار بارس ...... جەنۇب، شىمال شەھەرىستاندىكى ئاھالىنىڭ
24. يېرى، ئۈزۈم ھارىقى، ئىجارە(؟)ـسىنىڭ ئاتمىش ئىككى قوقپۇسىنى
25. بۆزگە ئايرىۋاشلاپ، راھىبلارنىڭ كىيىملىكى ئۈچۈن بېرىلسۇن.
26. ھەر ئايدا ئىككى راھىبلار ئۆمىكىگە سەكسەن دەنچە

27. بۇغداي، يەتتە دەن كۈنجۈت، ئىككى دەن پۇرچاق، ئۈچ دەن
28. قونۇق[1] ئوززۇقلۇق ئۈچۈن بېرىلسۇن. ئۆدمە(؟)
29. بېرىپ ...... ئىككى ئىش بېجىرگۈچى ئامبارغا كىرگۈزسۇن ھەمدە
30. ئىش بېجىرگۈچىلەر ئۇستىكارلارنىڭ ئوززۇقلۇقىغا بەرسۇن.
31. ئەگەر موژاكلارنىڭ ئاش - ئوززۇقى ئۆكسۇسە، ئىككى
32. خرۇخان ئۆزلىرىنىڭ ئاش - ئوززۇقىدىن تولۇقلاپ بېرىپ، سولمى[2]
33. ئىبادەتخانا...... ئۇلاشتۇرسۇن (؟) ئىش بېجىرگۈچىلەر جازاغا
34. تارتىلسۇن. ئىش بېجىرگۈچى خەزىنىگە كىرگۈزۈشكە تېگىشلىك
35. بولغان يەر ئىجارىسىدىن تۆت مىڭ بىر يۈز يىگىرمە بەش قوقپۇنى
36. ئىبادەتخانا قائىدىسى[3] بويىچە ئامبارغا كىرگۈزسۇن. ئىبادەتخانىدىكى
37. بارلىق ئىشلارغا ئىككى خرۇخان (ۋە) ئىش
38. بېجىرگۈچىلەر مەسئۇل بولسۇن. راھىبلار كىيىملىكى ئۈچۈن (ئايرىلغان)
39. بەش يۈز قوقپۇ رەختتىن ئەللىك قوقپۇسى راھىبلار كىيىملىكىگە قالدۇرۇلسۇن،
40. قالغان تۆت يۈز ئەللىك قوقپۇ رەخت ئەر - ئايال

---

① قونۇق — زىرائەتنىڭ بىر خىلى. ئاق قوناق(؟)
② يەر نامى. ھازىرقى قارا شەھەر تارىختا شۇ نام بىلەنمۇ ئاتالغان.
③ ئەسلى تېكستتە «بۇرقان» دېيىلگەن. بۇ سۆز يەشمىدە «ئىبادەتخانا» دەپ ئېلىندى.

كۆتكۆچىلەرنىڭ
41. قىشلىق كىيىمى ۋە ئاياغ كىيىمى ئۈچۈن سەرپ
قىلىنسۇن. بۆزدىن
42. ئاتمىشى ئەر - ئايال كۆتكۆچىلەرنىڭ يازلىق كىيىمگە
ئىشلىتىلسۇن.
43. ئىككى راھىبلار ئۆمىكىنىڭ يېمەك - ئىچمىكى ئۈكسۈپ
قالمىسۇن.
44. بىر ئايدا بىر خرۇخان بىلەن بىر ئىش بېجىرگۈچى
بىرلىكتە
45. (ئۈلارنىڭ) ئاش - تامىقىنى ياخشى باشقۇرسۇن. يەنە
بىر
46. ئايدا (باشقا) بىر خرۇخان بىلەن ئىش بېجىرگۈچى
بىرلىكتە
47. ئاش - تاماقنى ياخشى باشقۇرسۇن. ئەگەر قايسى ئايدىكى
ئاش -
48. تاماق ناچار بولۇپ قالسا، شۇ ئايدا مەسئۇل بولغان
خروخان بىلەن
49. ئىش بېجىرگۈچى تەڭ جازالىنىدۇ. خرۇخانلار بىلەن ئىش
بېجىرگۈچىلەر
50. بىرلىكتە...... تاماق ئەتكۈچىلەر (ۋە) نان ياققۇچىلارنى
نازارەت قىلسۇن.
51. ئالىي راھىبلار تاماقتا ئولتۇرغاندا، ئىككى خرۇخان
دەرقەمتە بولۇپ،
52. ئاش - تاماقنى ئۈلارنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويغاندىن
كېيىن ئاندىن
53. ئۆزلىرى غىزالانسا بولىدۇ.
54. ئىبادەتخانىدا بىرەر ئىش تەس بولۇپ، ئالىي راھىب -
موزاكقا

55. ئىلتىجا قىلىنسا، (تەرىقەت ؟) قائىدىسى بويىچە، خىرۇخان ئىش
56. بىجىرگۈچى بىلەن بىرگە بولماي تۇرۇپ ئىلتىجا قىلىشقا بولمايدۇ؛
57. شۇنداقلا ئىش بىجىرگۈچىمۇ يالغۇز كىرمىسۇن. ھەر ئىككىسى بىللە بولۇپ
58. ئىلتىجا قىلسۇن. ئەر كۈتكۈچىلەرنىڭ ھەر قانداقى بالا كۈتكۈچىسى يوق
59. ئالىي راھىبلارنى كۈتۈشى كېرەك. ئاندىن باشقا
60. بارلىق بالا (ئوغلان) كۈتكۈچىلەرنىڭ ھەممىسى ئالىي راھىبلار غىزالانغاندا
61. ئۇلارنىڭ يېنىدا بولۇپ، خىزمىتىنى قىلىشى كېرەك. مۇشۇ بىتىككە بىنائەن،
62. ئەر - ئايال راھىبلار ئەگەر مانى ئىبادەتخانىسىدا غىزالانسا،
63. بىر ئىككى قاچا سۇنى[1] ئۇزۇم شەربىتى قىلىپ ھەمدە بىردەك
64. راھىبلار ۋە ئالىي راھىبلارنىڭ ئالدىغا كۆتۈرۈپ ئېلىپ بارسۇن.
65. ئايرىم راھىبلار سىرتقا چىقىپ كىرمەكچى بولغاندا، ئىچىپ قالغان شورپىسى
66. ئايرىم ئېلىپ قويۇلسۇن. دىمىدىلەنگەن سۇ قىلماقچى بولغاندا شۇنى
67. كۆتۈرۈپ چىقسا بولىدۇ. ئىچىلگەن بۇ شورپىغا ئالىي

[1] تېكىستە «تاس سوۋنى» دېيىلگەن، «تاس» سۆزىنىڭ مەنىسى «يامان؟ تاشقىرى» دېگەن مەنىدە. يەشمىدە بۇ سۆزنى توغرا ئىپادىلەش قىيىن بولغاچقا، «سۇنى» دەپلا ئېلىندى.

راھىب ـ موژاك،

68. ئەفتادان[1] يېقىنلاشمىغاي. دىمىدىلەنگەن سۆ قىلماقچى بولغاندا،

69. موژاكنىڭ بۇيرۇقى بىلەن خىزخانلار ھەم ئىش بىجىرگۈچىلەر بىرگە ئېلىپ

70. چىقسا بولىدۇ. ئىككى راھىبلار ئۈمىكىدىكىلەر ئىشلەتكەن ئىككى قاچىدا موژاك ۋە

71. ئەفتادان سۆ ئىچمىگەي. موژاك بىلەن ئەفتادانغا كىم بولۇقماقچى

72. بولسا، ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىغان سۈيىنى بەرسە بولىدۇ.

73. (راھىبلار) بىر يىلدا يەيدىغان ئوزۇقلۇق بۇغدايىنىڭ كېپىكى ئىككى يۈز

74. دەن بولىدۇ. بۇ ئىككى يۈز دەن كېپەكتىن يۈز دەنى بىلەن

75. (تېرىلغۇ) ئۆيلىرى بېقىلسۇن، يۈز دەن كېپەكنى موژاك ۋە

76. ئەفتادانلارنىڭ مىنىدىغان ئاتلىرى يېسۇن. مۇشۇ يۈز دەن

77. كېپەكنى غوجىدار باشقۇرۇپ، ئات بوغۇزى ھېسابىغا كىرگۈزسۇن،

78. ئۈچ ئوردىغا تەئەللۇق بەرلەر ئۈچ ئاتلىلىكنىڭ تېرىشىغا تاپشۇرۇلسۇن.

79. بىر كۆلا(؟) قوغۇن مانى ئىبادەتخانىلىرىغا توشۇپ بېرىلسۇن:

80. ئوتتۇز قوغۇننى چوڭ مانى ئىبادەتخانىسىغا، ئوتتۇز قوغۇننى

81. كىچىك مانى ئىبادەتخانىسىغا بەرسۇن. بۇ قوغۇنلارنى غوجىدار يىغىپ يەتكۈزۈپ بەرسۇن.

---

[1] ئەفتادان مانى دىنىدا «موژاك» تىن كېيىن تۇرىدىغان راھىب.

82. بۇ ئىشقا بىپەرۋالىق قىلىنسا، غوجىدار جازاغا تارتىلىدۇ.
83. ئالىي راھىب ـ موۋاكقا سوپەتلىك پىيازدىن بىر كۆرە بېرىلسۇن.
84. ئىككى راھىبلار ئۈمىكى بىر تەنە① پىياز بىلەن تەمىنلەنسۇن.
85. جەنۇب ۋە شىمالدىكى بىر قانچە مانى ئىبادەتخانىلىرىغا قاراشلىق
86. باغلار ۋە يەرلەرنى ئىككى ئىش بېجىرگۈچى باشقىلارنىڭ ياخشى
87. پەرۋىش قىلىشىغا تاپشۇرسۇن. قالغان بىنەم يەردىن قانچىلىكى بولسا،
88. ئانچە ـ مۇنچە ئىجارىگە بېرىپ، ئۇ يەرلەرنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرگۈزۈپ،
89. ئۈزۈم شارابى ئىجارىسىگە ھېسابلىنسۇن. ئىجارە ئېلىنىدىغان يەرلەر ئوبدان
90. پەرۋىش قىلدۇرۇلۇپ، ئىجارىسى كۆپەيتىلسۇن. ئىككى ئىش بېجىرگۈچى
91. (ئىشلارنى) بىر ـ بىرىگە ئىتتىرىشسە بولمايدۇ، ئىتتىرىشىپ ئىشنى ئاقساتسا
92. جازاغا تارتىلىدۇ. يەر ـ سۇ، باغ ـ ۋاران ئىشلىرىغا موۋاك،
93. ئەفتادان، خرۇخانلار ئارىلاشمىسۇن،
94. ئىش بېجىرگۈچىلەر ئۆزلىرى ئىشلىسۇن. ئىش بېجىرگۈچى تاغاي
95. بارس ئىلىمغا قۇتادمىش يىگەن ياردەمچى بولسۇن،
96. ئىش بېجىرگۈچى قۇمار بارس تارقانغا ئىل ـ كۆرمىش

① تەنە ـ مىقدار سۆز.

97. ياردەمچى بولسۇن. بۇ ئىشلارنى ئىش بېجىرگۈچىلەر ياخشى
98. قىلسا، تەقدىرلەنسۇن - مۇكاپاتلانسۇن. ئەگەر ناچار ئىشلىسە
99. ئۈچ يۈز دەرىدىن ئۈرۈلسۇن ھەمدە ھەر بىرىگە......
100. ...... بىلەن جازا بېرىلسۇن. مانى ئىبادەتخانىسىدىكى
101. ئىشلەمچىلەرنى ئىگەي چور باسۇق بىرگە ئىش ئۈستىدە
102. تۇرۇپ ئىشلەتسۇن. ئىش بېجىرگۈچىلەر كۆڭۈلۈك ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپ
103. تۇرسۇن. بىر يىلدا مانى ئىبادەتخانىسىغا يىگىرمە ھارۋا قومۇچ توشۇلسۇن.
104. قالغان قومۇش ھەر قايسى باغلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىلسۇن.
105. چوڭ راھىبلار ۋە مۇتىۋەرلەر ئاغرىپ قالغاندا يوقلاپ تۇرسۇن.
106. ئەملىشىشكە ياردەم بېرىپ، دوختۇر چاقىرىپ داۋالىتىش كېرەك.
107. ھەمدە ئىش بېجىرگۈچىلەر يېنىدىن ۋاقتى قەرەلىدە دورا ئېلىپ كېلىپ،
108. ئۇيدان داۋالىتىش كېرەك، قايسى دىندار (راھىب) ئاغرىپ قالسا، ئەگەر
109. غوجىدار ياخشى قارىمىغان بولسا، ئۈچ يۈز دەررە ئۇرۇلۇپ، گۇناھى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.
110. مەڭلىك سانغۇن ئوغلانى، ئارسلان توڭا ئىنىسى بىلەن
111. كۈن كىيە ئوغلانى، ياغاچچى بولمىش بۇ تۆت نەپەر ئىلىگ
112. (جەمەتىدىن بولغان) كىشىلەر ھەر بىرى بىردەندىن پاختا ئېلىپ كەلسۇن. يارغول مانى ئىبادەتخانىسىغا

113. ئىككى كۆزە پاختا تاپشۇرۇلسۇن، ئالتە كۆزە پاختا
قوچۇ مانى ئىبادەتخانىسىغا
114. تاپشۇرۇلسۇن...... مانى ئىبادەتخانىسىدىكى
ئوتتۇنچىلاردىن لالاك
115. كەد تۇغمىش، لىسا سابى كۆرتلە، بەگتۇر ئۈچىسى ھەر
بىرى
116. ھەر كۈنى بىر كۆتۈرۈمدىن ئوتتۇن تاپشۇرسۇن. قۇتلۇق
تۇگا(ۋە)
117. قولمىش بۇ ئىككىسى ھەر ئىككى كۈندە بىر
كۆتۈرۈمدىن ئوتتۇن تاپشۇرسۇن.
118. بۇ ئوتتۇنچىلارنىڭ ئوتتۇننى تاپشۇرۇپ ئالغۇچى ياقشى
قۇتلۇق ئارسلاندۇر.
119. دىندارلارنىڭ تامىقىنى خام قىلىپ قويغۇچىغا ئۈچ يۈز
دەررە ئۇرۇلسۇن.
120. ياقشى ئاچارى، ئىنىسى ۋە ئوغلى ئۈچىسى مانى
ئىبادەتخانىسىنىڭ خاس ئەمچىلىرى (دوختۇرلىرى) بولىدۇ.
121. تويىن ياباپ ئوغلى تاز مال باققۇچى، ياغىستىن تويىن
122. غاز باققۇچى، ئوغۇل بارس كىگىزچى بولسۇن،
مۇشۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى مانى ئىبادەتخانىسىدا
ئىشلىسۇن.
123. ئەمچىلەر(دوختۇرلار) (ئىبادەتخانىدا) دائىملىق
تۇرسۇن. كۆزەتچىلەر
124. ۋە كەنت باشلىقى ياردەمچىلىرى شەھەر ئارقىسىغا
125. يېقىنلاشمىسۇن ۋە راھىبلارنىڭ كەينىگە
كىرىۋالمىسۇن.

# «مۇرتۇق ئىبادەتخانىسىغا راھىب كالان تەيىنلەش يارلىقى» توغرىسىدا تەتقىقات

بۇ يارلىق ياپونىيىنىڭ ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان «ئەدەبىيات فاكۇلتېتى مۇھىم خاتىرىلىرى» ناملىق ژۇرنالنىڭ 31 ـ 32 قوشما سانلىرىدا ترانسكرىپسىيىلىك مەتنى بىلەن ياپونچە تەرجىمىسى بىرگە ئېلان قىلىنغان. يارلىق جەمئىي 16 قۇر بولۇپ، مەزمۇنىدىن كۆرە بۇ يارلىق ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىق مەھكىمىسى تەرىپىدىن مۇرتۇق ئىبادەتخانىسى (يەنى بېزەكلىك ئىبادەتخانىسى، چۈنكى بۇ ئىبادەتخانا ئەينى دەۋردە خانلىق ئىبادەتخانا بولغان) غا مەسئۇل خادىم تەيىنلەش مەقسىتىدە چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ئەسلى ئورىگىنالىدا ھۆكۈمەت تامغىسى ۋە بىر قانچە مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارلارنىڭ تامغىسى بېسىلغانىكەن (يۇقىرىقى ژۇرنالغا قارالسۇن).

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىن قالغان ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ھۆججەتلەر، تىلخەتلەر ناھايىتى نۇرغۇن. بۇلارنىڭ ئىچىدە خانلىق مەھكىمىدىن ھەر قايسى شەھەر بەگ ـ ئەمەلدارلىرىغا، خانلىق موناستىر ـ ئىبادەتخانىلارغا چۈشۈرۈلگەن خانلىق ھۆججەتلەر مۇئەييەن سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇنداق ھۆججەتلەرنىڭ بېزىلىشى مۇكەممەل، ھۆكۈمرانلىق تىندىنسىيىسى روشەن، تامغا ـ مۆھۈرلىرى تولۇق بولۇپ، بۇ ھال ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى تارىخىنى تەتقىق قىلىشنى، دىنىي ئېتىقادى، ھوقۇق قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى

قاتارلىق ئىجتىمائىي پەلسەپىۋى ئەھۋالىنى تارىخىي نۇقتىدىن تەتقىق قىلىشتا مۇئەييەن ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

نەشرگە تەييارلانغان مەزكۇر ھۆججەتنىڭ 6 ـ 9 ـ قۇرلىرىدا: «بۇ پەرمان بويىچە...... لىگۈي تۇتۇك باشلىق ئۇچەيلەن مۇرتۇق ئىبادەتخانىسىدىن ئايرىلماي، قىش ـ ياز مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ ئىتىكاپتا ئولتۇرۇپ، بىزگە ساۋاب تىلەپ دۇئا ـ تىلاۋەتتە بولغاي» دېگەن جۈملىلەر بار. مانا بۇ سۆزلەر ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئىجتىمائىيىتىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى مۇھىم بىر نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، مەزكۇر خانلىق دائىرىسىدە ياشىغان ئەجدادلار تەرىپىدىن بۇددا دىنىنى يادرو قىلغان بۈيۈك مەدەنىيەت سەمەرلىرى يارىتىلغانىدى. بۇنداق بولۇشىغا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسىدىكىلەرنىڭ بۇددا دىنىنىڭ گۈللىنىشىگە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەنلىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى.

بۇددىزم نەزەرىيىسىدە بۇددالار ئۆتكەن زامان بۇددالىرى، ئەينى زامان بۇددالىرى ۋە كەلگۈسى زامان بۇددالىرى دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىلىدۇ: بۇدداغا ئەڭ سادىق بولغان ئەھلى ئىلىملەر ۋە زاماننىڭ ئالىي مۆتىۋەرلىرى «بۇدساتۋا» (سانسكرىتچە مەنىسى ئەۋلىيالىقتا شەرت ھازىرلاۋاتقانلار) دەپ ئاتىلىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ساكيامۇنى ۋەسىيىتىدە: كەلگۈسى زامان ئەۋلىياسى مايترىيا دۇنياغا كېلىپ زېمىنغا چۈشكۈچە بولغان بىر ئۇزۇن تارىخىي دەۋر ئىچىدە «كشادرىيا» (سانسكرىتچە مەنىسى زېمىن ئىگىسى) لار بۇددىزم تەلىماتلىرىنى تەرغىب قىلىپ، ئۇنى كىشىلەر ئارىسىدا يىلتىز تارتقۇزىدۇ ۋە شۇ تەلىمات بويىچە ئىش كۆرىدۇ، دەپ ئېيتقانىكەن. بۇ «ۋەسىيەت» تە دېيىلگەن زېمىن ئىگىلىرى — دەل ئەينى زامان بۇددالىرى بولۇپ، بۇلار خان ـ پادىشاھ، بەگ ـ ئەمەلدارلار ئىدى.

ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردىلا پەقەت تەڭرى

تەرىپىدىن بەخت ئاتا قىلىنغان ئادەملەرلا خان - خاقان بولالايدۇ، دېگەن چۈشەنچىدە بولۇپ كەلگەچكە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەل باشلامچىلىرىنى تەڭرىقۇت، ئىدىقۇت دېگەن ناملار بىلەن ئاتاپ كەلگەن. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە بولسا، بۇددا دىنىدىكى «زېمىن ئىگىلىرى — هازىرقى زامان بۇددالىرى» دېگەن چۈشەنچە بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىقى ئەنئەنىۋى چۈشەنچىسى تەبىئىي هالدا بىرىكىپ، ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد يادرولۇقىدىكى هوقۇق قارىشى تېخىمۇ كۈچەيگەن. نەتىجىدە، بۇ خىل ئىجتىمائىي ئاڭ هۆكۈمرانلار تەبىقىسىگە — ئۇلارنىڭ ئارزۇسىغا بەكمۇ ماس كەلگەن.

دېمەك، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ موناستىر ۋە ئىبادەتخانىلارغا ئىمتىياز ۋە ئىمكانىيەت بېرىشى، ئۆزلىرى ئۈچۈن ساۋاب تىلەپ تۇرغۇچىلارغا پەۋقۇلئادا ئېتىبارلىق قارىشى، دەل ئۇلارنىڭ دىنىي رېئال مەقسەتلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

# «مۇرتۇق ئىبادەتخانىسىغا راھىب كالان تەيىنلەش يارلىقى» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى

قۇر نومۇرى:

1. ي(ا)رل(ىغ) كىشى ئۇچۇن ئا(ياغ)ىقا تەگىملىگنىڭ
2. يىگدىسى پىنتسۇ تۇتۇڭ(ىقا)، لىگۇي تۇتۇڭغا تۇتزۇپ
3. ئاياغقا تەگىملىگتە باسا، مۇرۇتلۇق
4. ئارىيادانىغ لىگۇي تۇتۇڭ، گۇيتسۇ شىلاۋانتى، پىنتسۇ
5. تۇتۇڭ بىرلە ئۇچەگز ئىگەلەزۇن تىتىمز. بۇ سۆزچە،
6. ئاياغقا تەگىملىگتە سوڭ، لىگۇي تۇتۇڭ باشىن
7. ئۇچەگۇ مۇرۇتلۇق ئارىيادانتا تەپرەمەدىن تۇرۇپ
8. ياي قىش پىكچان ئولۇرۇپ، نىيەم كوشالاكىش قىلىپ بىزكە
9. بۇيان بىرىپ ئولۇرزۇپ، بۇ ئارىيادانقا سانلىغ
10. يىرىڭە، بورلۇقىڭە شازىن ئايغۇچى ئىل بەگەدلەرى
11. باشلاپ كىم كىم قاتلىمازۇن. بۇ ئۇچ قۇۋراغ ئوق
12. ئەركىسنزۇن. ئاياغقا تەگىملىگنىڭ لىنىن پىريانىن
13. پىنتسۇ تۇتۇڭ ئىگەلەزۇن. ئادىن كىم ئەرسەر
14. قاتامازۇن. لىگۇي تۇتۇڭقا، قۇۋراغتان ئىگىلتەن
15. نەگۇمە ئىشكۇچ سىقىش ئەمگەك تەگۇرمەدىن ئاسرايۇ
16. تۇرزۇن. ئانىن بۇ تۇتا تۇرغۇ بىتىگ بىرتۇرتۇمۇز

(ھۆكۈمەت تامغىسى، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر تامغىسى)

# «مۇرتۇق ئىبادەتخانىسىغا راھىب كالان تەيىنلەش يارلىقى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى

قۇر نومۇرى:

1. يارلىقدار كىشىنىڭ قەدىرلىك
2. قېرىنداشلىرى پىنتسۇ تۇتۇڭغا ۋە لىگۈي تۇتۇڭغا:
ئىززەت -
3. ئىكرامىمىزدىن كېيىن شۇنى ھاۋالە قىلىمىزكى، مۇرتۇق
4. ئىبادەتخانىسىغا لىگۈي تۇتۇڭ، گۈيتسۇ شىلاۋانتى،
پىنتسۇ
5. تۇتۇڭ ئۇچەيلەن بىرلىكتە مەسئۇل بولسۇن دېمەكچىمىز.
6. بۇ پەرمان بويىچە، ئىززەت - ئىكرامدىن سۆڭ،
لىگۈي تۇتۇڭ باشلىق
7. ئۇچەيلەن مۇرتۇق ئىبادەتخانىسىدىن ئايرىلماي،
8. قىش - ياز مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ، ئىبتىكاپتا ئولتۇرۇپ،
بىزلەرگە
9. ساۋاب تىلەپ دۇئا - تىلاۋەتتە بولغاي، بۇ ئىبادەتخانىغا
قاراشلىق
10. يەرگە، ئۈزۈملۈككە شازىن ئايغۇچى ئىل بەگەدلەر①

---

① شازىن ئايغۇچى ئىل بەگەدلەر — نوم تەپسىرلىگۈچى خادىملار، يەنى مەلۇم مەرتىۋىگە ئىگە دىندارلار. بۇلار سوت ئىشلىرىدا سۆز قىلىش ئىمتىيازىغا ئىگە.

11. باشلىق ھېچ كىم ئارىلاشمىسۇن. ئۆچ قوۋراقمۇ[①]
12. ھوقۇقسىز بولسۇن، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغۇچىنىڭ
خاس
13. ھۇجرىسىنى پىنتىسۇ تۇتۇق ئېگىلىسۇن. ئۇنىڭدىن
باشقىلار
14. ئارىلاشمىسۇن. لىگۇي تۇتۇق جامائەتچىلىكتىكى
15. ھەر خىل ھاشار - سېلىقلاردىن ئاسرىلىپ
16. تۇرسۇن. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئاساس قىلىپ تۇتۇپ
تۇرىدىغان يۇتۇق ئەۋەتكەيمىز.

(ھۆكۈمەت تامغىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك باشقا تامغىلار)

① ئۆچ قوۋراق — ئۆچ خىل جامائەت.

# قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «مەخپىي يارلىق» توغرىسىدا تەتقىقات

تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما ۋەسىقىلەر ئىچىدە دىنىي دەستۇرلار، ئەدەبىي ئەسەرلەر، پالنامىلار، تېبىبىي رېتسېپلار، ئىقتىسادىي ئىجتىمائىي ھۆججەت - تىلخەتلەر، مەكتۇپ، ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى ۋە يارلىقلار بار. مەزكۇر «مەخپىي يارلىق» ئەنە شۇ يۇقىرىقى يازما ۋەسىقىلەر قاتارىدا قېزىۋېلىنغان.

«مەخپىي يارلىق» نىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، بۇ يارلىقنىڭ يىل دەۋرى تەخمىنەن 10 - 11 - ئەسىرلەر ئارىلىقىدا يېزىلغاندەك تۇرىدۇ. مەزكۇر يارلىقنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەسكىرىي ئىشلار مەھكىمىسى تەرىپىدىن چەت - چېگرا قاراۋۇلخانىسىدىكى ئارسلان ئۆگە ئاتلىق سەردارغا ئەۋەتىلگەنلىكىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

يارلىقتا چېگرا قاراۋۇلخانىسى ياكى مۇھىم ئۆتكەلنى ساقلاۋاتقان ئارسلان ئۆگە تەرىپىدىن ئەسكىرىي ئىشلار مەھكىمىسىگە ئەۋەتىلگەن ئىككى نەپەر سوغدى تۇتقۇنى ئاغزىدىن ئۇقۇلغان ئاخبارات ھەم باسمىللار تەرىپىدىن قېچىپ كەلگەن ئىككى نەپەر قاچقۇندىن ئىگىلىگەن ئاخبارات باسمىللارنىڭ يۈلتۈز ئارقىلىق ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا ئۆتۈپ، دەريا بويلاپ تۆۋەن ئېقىنغا يۈرۈپ كېتىۋاتقانلىق خەۋىرىگە نىسبەتەن چۈشۈرۈلگەن پەرمان - بۇيرۇق ئەكس ئېتىدۇ.

مەزكۇر يارلىقتا باسمىللارنىڭ يۈلتۈز ئارقىلىق ئىلى دەرياسى

ۋادىسىغا — دەريانىڭ تۆۋەن تەرەپلىرىگە كۆچۈپ كېتىشۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي ئەھۋال ئەكس ئەتكەن.

باسمىللار ئەسلىدە مورى، گۇچۇڭ، جىمسار ئەتراپلىرىدا ياشىغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن بىرى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى (تەخمىنەن 866 ـ 1334 ـ يىللار) قۇرۇلغاندا، مەزكۇر خانلىق تەۋەلىكىدە بولغان؛ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تازا كۈچەيگەن چاغلىرىدا ئۇنىڭ چېگرىسى شەرقتە جيۇچۈەنگىچە، جەنۇبتا خوتەن چېگرىلىرىغىچە، غەربتە ئۇچ (ھازىرقى ئۇچتۇرپان) غىچە، شىمالدا مىڭلاق (ئىلى ۋادىلىرى) غىچە كېڭەيگەنىدى. يەنە بىر خىل تارىخىي ئەھۋال شۇكى، خانلىق تەۋەلىكىدىكى قەبىلىلەر خېلى بىر مەزگىلگىچە قەبىلە پۈتۈنلۈكىنى يوقاتمىغانىدى؛ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قاراخانىيلار ئوتتۇرىسىدا دىنىي مۇجادىلە، زېمىن تالىشىشلار بولۇپ تۇرغان، بەزى قەبىلىلەر ئۇ خانلىقتىن يۈز ئۆرۈپ، بۇ خانلىققا قارام بولۇۋالىدىغان ياكى ئۆز ئالدىغا ئايرىم بەگلىك قۇرۇۋالىدىغان ئەھۋاللار تارىختا يۈز بېرىپ تۇرغانىدى. مەزكۇر «مەخپىي يارلىق» نىڭ ئىلمىي قىممىتىمۇ بىزگە دەل ئەنە شۇ يۇقىرىقى تارىخىي ئەھۋاللارنىڭ ئىزناسىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىدە نامايەندە بولىدۇ. تۆۋەندە «مەخپىي يارلىق» نىڭ ئەسلى ئوقۇلۇشى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى بېرىلدى.

# «مەخپىي يارلىق» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى

**قۇر نومۇرى:**

1. ئىچتىكى ي(ا) رل(ـ)غ ئارسلان ئۆگە ( كە)
2. بىتىگدە نە ئۆكۈش ي(ا) رل(ـ)غ
4. ي(ا) رلىقايۇ ئايىتالىم سىز ي(ە) مە ئىكى
6. سوغدۇ تۆتقانىغ ئوغلانىڭىز
8. تىن ئۆتۈنۈ ئايىتمىشسىز ك(ە) لىپ
10. كۆزۈنتى بىتىگ ئۆتۈگۆگۈزتەكى
12. سوغدۇلار تىلىنتەكى قايۇ ئوغۇرلۇغ
14. ساۋ سۆز ئەرتى ئەرسەر بارچا ئۆقا
16. ي(ا) رلىق(ا) د(ى)ـ(ـ)ز. باسمىل(ـ)مىغ يۆلتۈزقا
18. ئۆنەر تىسەر ئانى ئۆزە ئول بول
20. ـ لارىغ تۆتۈتۈرۈك تىب ي(ا) رل(ـ)غ ئايىتۇ
22. ي(ا) رلىق(ا) د(ى)ـ(ـ)ز ئەرتى باسمىلتىن كۆرەك
24. ي(ە) مە كەلتى تەگەن ئاپا ئىت
26. ق(ا) يا ئولار تىل ي(ە) مە ئالىپ
28. ك(ە) لتى باسمىل(ـ)مىغ ئۆگۈز بۆگۈز
30. ئىنتىن كۆچۈپ ئىلا قودى
32. باردى تىسەر مۆنتىن تاقى بىر تىل
34. يىگاق بولۇپ باسمىل(ـ)مىغ بەرۈ
36. ياندى تىپ ئەشىدىلسەر ي(ا) رل(ـ)غ ئايىتۇ
38. ي(ا) رلىقاغ(ا) يىمىز يولۇغ يانا تۆتۈ تۆرغ(ا) ي –

40. مسز بانا بىر تىل بىڭاق ئەشىدىلگىنچە
42. يولچا كىشى نە ئاڭ(ـ) ـد ماك ئەرسەر
44. ي(ە) مە كىدىن ئۆڭدۈن بالىقلارىغ
46. ئاۋچىغ تارىغچىغ ئانىن
48. قودۇنۇ يىچانۇ ساقلاپ تۇرغۇ
50. قىلىك ئانىن ي(ا) رل(ـ)غ ي(ا) رلىقايۇ ئابىتىم(ـ)ز
52. ي(ا) رلىغىم(ـ)ز بىشىنچ ئاي ي(ـ)گ(ـ)رمىكە
55. ئىل ئۆگەسى بىلگە بەگ بىتىگ(ـ)م(ـ)ز
57. ئارسلان تاغ تۇتۇقفا
59. بىزنىڭ ساۋ ئىنچە بىلگىل سەن
61. ي(ە) مە ق(ا) ذ(ـ)ۆگەر بالىق ئارقاسىنتاقى
63. ئىش كۆچ ئوغرىنتاقى بودۇنقا
65. كۆچ كۆتكى قىلۇر ئەرمىشسەن
67. بۇ كۆنتە مىنچە بودۇنقا
69. كۆچ تەگۈرسەر بىزتۇر(ۇ)پ ئايكۆڭ -
71. نى سىپ بالىقتىن كىتەرىپ……

# «مەخپىي يارلىق» نىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى

**قۇر نومۇرى:**

1. (بۇ)[1] مەخپىي يارلىق ئارسلان ئۆگەگە:
2. (مەزكۇر) مەكتۇپتە[2] نۇرغۇن بۇيرۇقنى
4. پەرمانلايمىز، سىز ئىككى (نەپەر)
6. سوغدى تۇتقۇنى توغرىسىدا ئوغلىڭىز -
8. دىن تەلىپىڭىزنى ئېيتىپتىكەنسىز. ئەۋەتىلگەن
10. يازما مەكتۇبىڭىزدىكى
12. سوغدىلار ئەھۋالاتى توغرىسىدىكى ھەر قانداق

دەل ۋاقتىدىكى

14. گەپ - سۆزلەرنى بولسا ھەممىسىنى ئۇقۇپ،
16. (مەزكۇر) يارلىقنى ئەۋەتتۇق. باسمىللار يۇلتۇزغا
18. چۈشىمىز دېسە، بۇ توغرۇلۇق، شۇ بول -
20. ـلارنى مەھكەم ساقلاڭ دەپ يارلىقتا ئېيتىپ

---

① تىرناق ئىچىدىكى سۆز نەشرگە تەييارلىغۇچى تەرىپىدىن قويۇلغان.

② ئەسلىدە بۇ يارلىق تېكىستى 71 قۇر. قۇر ئارىلىقىدىكى خەتلەر مۇھىم بولمىغان قىستۇرما سۆز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەسلى ترانسكرىپسىيە قىلغۇچى تەرىپىدىن چىقىرىپ تاشلانغان (لى جىڭۋېينىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي ئىقتىسادى ھۆججەتلەر تەتقىقاتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 198 - بەتكە قاراڭ).

22. پەرمانلىغانىدۇق. مانا ھازىر باسمىللار (تەرەپتىنمۇ)
قاچاقلار
24. ـ تەگەن ئاپا، ئىت قايالار
26. كەلدى، ئۇلارمۇ ئۇچۇر ئالغاچ
28. كەپنۇ. ئۇلار: باسمىللار دەريا بويلاپ
30. تۇۋەنگە كۆچۈپ، ئىلىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە
32. باردى، دېيىشىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرەر ئۇچۇر -
34. خەۋەرنى (يەنى) باسمىللار جەنۇبتىن
36. ياندى دەپ ئاڭلىساق، يارلىق
38. ئەۋەتكەيمىز. بوللارنى يەنىلا مەھكەم مۇھاپىزەت قىلىپ
40. تۇرغايسىز. يەنە بىرەر ئۇچۇر ـ ئەھۋال ئۇقۇلغۇچە
42. ھەر قانداق ئادەمنى (ئۇ) يولدىن ئۆتكۈزمەڭ.
44. (شۇنىڭ بىلەن بىرگە) غەرب، شەرق تەرەپلەردىكى
شەھەرلەرنى،
46. ئۇۋچى، تىرىقچىلارنى ياخشى
48. ئاسراپ، پۇختا ساقلاپ ـ قوروۇقداپ تۇر —
50. غايىسىز. بۇنىڭ ئۇچۇن يارلىق ئەۋەتكەيمىز.
52. بۇ يارلىقىمىز 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۇنى (ئەۋەتىلدى).
55. ئىل ئۇگەسى بىلگە بەگ مەكتۇبىمىز
57. ئارسلان تاغ تۇتۇقفا:
59. بىزنىڭ سۆزىمىزنى مۇنداق چۈشەنگەيسەن:
61. قاننۇگەر شەھىرىنىڭ يۆلەنچۈكلىرى بولغان -
63. ھاشا — ئەمگەكتىكى پۇقراغا
65. زۇلۇم — زومبۇلۇق قىلىپسەن.
67. بۇندىن كېيىن پۇقراغا
69. زورلۇق ئىشلەتكۈچى بولساڭ، بەرگۈزۈپ(؟) قول -
71. دېدەكنى شەھەردىن كەتكۈزۈپ......

# ئىدىقۇت دەۋرىدىن قالغان «باج كەچۈرۈم قىلىشنى ئۆتۈنۈش ئىلتىماسى» توغرىسىدا تەتقىقات ①

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادى 866 — 1334) دەۋرىدىن كۆپلىگەن يازما ۋەسىقىلەر، مەسىلەن، خانلىق مەھكىمە ھۆججەتلىرى، ئېلىم - بېرىم تىلخەتلىرى، تويى - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ خاتىرىلىرى، ئائىلە كىرىم - چىقىم ھېسابات خاتىرىلىرى؛ ئەدەبىي ئەسەرلەر؛ پالنامىلەر؛ ئەرز - شىكايەتنامىلەر؛ ئىلتىماسنامىلەر ... قېپقالغان. بۇلار ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر بۇددا مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك بىرىنچى قول ماتېرىيال بولالايدۇ. نەشرگە تەييارلانغان مەزكۇر «ئىلتىماسنامە» ئەنە شۇ ۋەسىقىلەر جۈملىسىدىندۇر.

مەزكۇر «ئىلتىماسنامە» ئەسلىدە رادلوف تەرىپىدىن رۇسچە ئېلان قىلىنغان. رادلوفنىڭ «ھۆججەتلەر توپلىمى» ئاساسىدا لى جىڭۋېي ئەپەندى خەنزۇچە بىر توپلام تەييارلاپ، نەشر قىلدۇرغان. بۇ ئىلتىماسنامە ئەنە شۇ لى جىڭۋېي ئەپەندىنىڭ توپلىمىدىن ئېلىندى②

بۇ ئىلتىماسنامە 14 - ئەسىردە يېزىلغان بولۇپ، چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن تۇغلۇق تۆمۈر شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان

① ماۋزۇ مەزكۇر ۋەسىقىنى نەشرگە تەييارلىغۇچى تەرىپىدىن قويۇلغان.
② بۇ توپلام 1996 - يىلى 3 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇچە نەشر قىلىنغان.

مەزگىللەردىكى بىر قىسىم تارىخىي ئەھۋاللاردىن مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ ئىلتىماسنامىدىكى تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار دىققەتكە سازاۋەردۇر:

① مەزكۇر ۋەسىقىدە چاغاتاي خانلىقى نەسەبىدىكى بەسەن بۇقا، كەبەك خان، ئەلچىگ تاي خان، دارماشىرىنخان، چاگسى خان، يسۇن تۆمۇرخان، مۇھەممەتخان، تۇغلۇق تۆمۇرخان قاتارلىق خانلار تىلغا ئېلىنغان.

② 15 ـ 16 قۇرلاردىكى «ئەلچىگ تاي قان چاقىنتا تۇغلۇق ئاتلىغ دارۇغا كەلىپ...» دېگەن جۈملىلەر بىزگە چاغاتاي خانلىقى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا نىسبەتەن «دارۇغالىق» سىياسەت (نازارەتچىلىك قىلىش سىياسىتى) يۈرگۈزۈپلا، يېرىم مۇستەقىللىق ئىمتىيازىنى بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

③ خانلىققا بىۋاستە قاراشلىق تېرىلغۇ يەر، مېۋىلىك باغلارغا باج ـ سېلىق بەلگىلەنمەيدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

④ تىل تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، 14 ـ ئەسىرلەردە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدا د ـ ت ـ ي لار ئالمىشىۋاتقانلىقىنى، «يابلاق، ئايىغ» سۆزلىرى بىلەن «يامان» سۆزلىرى، «ئەزگۇ» سۆزى بىلەن «ياخشى» سۆزلىرى ئارىلاش قوللىنىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز.

«ئىلتىماسنامە»گە ئوخشاش ۋەسىقىلەر گەرچە قىسقا ھەم ئاددىي يازمىدەك كۆرۈنسىمۇ، بۇنداق ھۆججەتلەر بىزگە ئەينى دەۋرنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالىدىن ئىشەنچلىك بولغان قىممەتلىك مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. بىز مۇشۇ مەقسەتتە بۇ بىرىنچى قول ماتېرىيالنى جامائەتچىلىكنىڭ نەزىرىگە سۇندۇق.

# ئىدىقۇت دەۋرىدىن قالغان «باج كەچۈرۈم قىلىشنى ئۆتۈنۈش ئىلتىماسى» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى

قۇر نومۇرى:

1. ...... قالان كەسىپ ئىنچۇ باغ -
2. ىچلارقا قالان كەسمىشى يوق
3. (يە) سەن بۇقا چاقىنتا
4. (كۇنچ)ۇك ئىدۇقفۇت قىتاي ئۇ......
5. باشلىق ئىلچىلەر بىرلە
6. قالان كەسىپ ئىنچۇ باغ(چىلار)
7. قا قالان كەسمىشى يوق يانا بۇ
8. (قان ئۇ)زە ئۆك قۇتقۇ باتۇر ئىركەنت
9. ئىركەي ئىلچىلەر بىرلە قالان
10. كەسىپ ئىنچۇ باغچىقا قالان
11. كەسمىشى يوق يانا
12. (كەبەك) قان چاقىنتا يا ئۇقۇ بەگ قالان
13. كەسىپ ئىنچۇ باغچىلارقا
14. قالان كەسمىشى يوق يانا
15. (ئەلچ)ىگ تاي قان چاقىنتا تۇغلۇق ئاتلىغ
16. دارۇغا كەلىپ ئىنچۇ باغچىلارغا
17. قالان كەسمىشى يوق يانا
18. (دارماشىرىن) قان چاقىنتا

19. كۈنچۈك ئىدۇققۇت تۇبەنچۈك
20. باتۇرنى باشلاپ كەلىپ قالان
21. كەسىپ ئىنچۈ باغ -
22. ىچىلارقا قالان كەسمىشى يوق يانا
23. (چاكىس)ى قان چاقىنتا تارىغچى بەگ بولۇپ
24. كەلىپ قالان كەسىپ ئىنچۈ باغچى -
25. قا قالان كەسمىشى يوق يانا
26. (يىس)ۇن تەمۈر قان چاقىنتا قۇلۇن قارا
27. قالان كەسىپ ئىنچۈ باغچىلارقا
28. قالان كەسمىشى يوق ·
29. (مۇھاممەد) قان چاقىنتا تايىق ئىلچى كەلىپ
30. قالان تۇسۇك ئىنچۈ باغچىقا
31. قاتىلماتى يانا
32. ......ك قان چاقىنتا قۇبا چاغىرچا
33. بىرلە ساي بۇقا چاغۇتۇ
34. تەمۈكە باشلىغ ئىلچىلەر بىرلە
35. قالان كەسىپ ئىنچۈ باغچىقا
36. قالان كەسمىشى يوق يانا
37. ئەمتى (قانىم)ىز
38. تۇغلۇق تەمۈركە باغچىلارنىڭ
39. ئۆتۈگ(ى) بىز بۇرۇنقى بۇ
40. (قاز) لار چاقىنتىن بەرۇ ئاقا ئىنى -
41. لارىمىز بىرلە باغنى ئەتلەپ
42. ئۆزگە ئالبان ياساق
43. تۇتمايىن
44. (قاز)لارىمىزقا كۈچ بىرىپ يور(د)تىمىز
45. ئەرتى ئەمتى تار بولسار
46. (قان)ىمىز تۇغلۇغ تەمۈرنىڭ

47. ...... سىنتا يامان باغلارىمىزنى
48. ئەتلەپ ياخشى بولۇرى
49. ئاز بىرۇر ئۈيۈبۈمۈز
50. كۆپ بولۇر قايات
51. تەگۈك باغلار -
52. نىڭ كۆپى قالتى بىز ئاقا ئىنى
53. ـمىز بىرلە بولۇپ بۇ يىلتا
54. ئاقا ئۈچۈپ نە بۈتكەرتىمىز
55. ئار بىر كىشى ئىكى ئالبان
56. تۈتزۈن تىسەر يوقلار
57. - مىزنىڭ ئول
58. ئالبان بىزنىڭ ئول
59. ........ ك يارلىق بولزۇن

# ئىدىقۇت دەۋرىدىن قالغان «باج كەچۈرۈم قىلىشنى ئۆتۈنۈش ئىلتىماسى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى

قۇر نومۇرى:

1. ...... قالان كەسكەندە① ئىنچۇ باغ -
2. چىلارغا② قالان بەلگىلەنمىگەن ئىدى.
3. (يە)③سەن بۇقا خان④ ۋاقتىدا
4. (كۈنچ)ۈك ئىدۇقۇت، قىتاي⑤ ئۇ ......
5. باشچىلىقىدىكى ئىلچىلەر⑥ بىرلىكتە
6. قالان بەلگىلىگەندە ئىنچۇ باغچىلار -
7. غا قالان بەلگىلىمىگەن ئىدى. يانا بۇ

---

① قالان كەسمەك — باج بەلگىلىمەك. قالان - بىر خىل باج نامى (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا).

② ئىنچۇ باغچىلار — دۆلەتكە تەۋە باغنى پەرۋىش قىلغۇچىلار. ئىنچۇ - دۆلەتكە تەۋە يەر (ئىدىقۇت دەۋرىدىكى تىل).

③ تىرناق ئىچىدىكى ھەرپلەر مەزكۇر ۋەسىقىنى نەشرگە تەييارلىغۇچى تەرىپىدىن ترانسكرىپسىيىلەشتۈرۈش قائىدىسى بويىچە قويۇلغان. ئەسلى ئورگىنالدا بۇ ھەرپلەر ئۆچۈپ كەتكەن.

④ يەسەن بۇقاخان — (مىلادى؟ - 1330 - يىللاردا ياشىغان) چاغاتاي خانلىقى نەسەبىدىكى 14 - خان، «يەسەن بۇقا 1 -» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

⑤ قىتاي — قىتان سۆزىنىڭ «ن» بىلەن «ي» ئالمىشىش نەتىجىسىدە ئېيتىلىشى.

⑥ ئىلچى - ئەمەل نامى.

8. (خان ۋاقتىدا) قۇتقۇ باتۇر، ئىركەنت،

9. ئىركەي ئىلچىلەر بىرلىكتە قالان

10. بەلگىلىگەندە، ئىنچۇ باغچىلارغا قالان

11. بەلگىلىمىگەن ئىدى. يانا

12. (كەبەك) خان ۋاقتىدا يا ئۇقۇ بەگ قالان

13. بەلگىلىگەندە ئىنچۇ باغچىلارغا

14. قالان بەلگىلىمىگەن ئىدى. يانا

15. (ئەلچى)مگ تاي خان ۋاقتىدا تۇغلۇغ ئىسىملىك

16. دارۇغا[①] كىلىپ (قالان بەلگىلىگەندىمۇ) ئىنچۇ
باغچىلارغا

17. قالان بەلگىلىمىگەندى. يانا

18. (دارماشىرىن) خان ۋاقتىدا

19. كۇنچۇك ئىدۇقۇت تۇبەنچۇك

20. باتۇرنى باشلاپ كىلىپ قالان

21. بەلگىلىگەندىمۇ ئىنچۇ باغ -

22. چىلارغا قالان بەلگىلىمىگەن ئىدى. يانا

23. (چاگىس)ى خان ۋاقتىدا تىرىقچىلىق ئىشلىرىنىڭ بېگى

24. كىلىپ قالان بەلگىلىگەندىمۇ ئىنچۇ باغچە -

25. لارغا قالان بەلگىلىمىگەن ئىدى. يانا

26. (يىسـ)ۇن تەمۇرخان ۋاقتىدا قۇلۇن قارا

27. قالان بەلگىلىگەندىمۇ ئىنچۇ باغچىلارغا

28. قالان بەلگىلىمىگەندى.

29. (مۇھەممەد) خان ۋاقتىدا تايىق (ئىسىملىك) ئىلچى
كىلىپ

30. قالان - تۈسۈك[②] (بەلگىلىگەندىمۇ) ئىنچۇ باغچىلارغا

---

① دارۇغا — ئەمەل نامى.
② تۈسۈك — بىر خىل باج نامى.

31. (باج - سېلىق) قوشۇلمىغانىدى. يانا
32. ...... ك خان ۋاقتىدا قۇبا چاغىرچا
33. بىلەن ساي بۇقا چاغۇتو
34. تەمۇكە باشلىق ئىلچىلەر بىرلىكتە
35. قالان بەلگىلىگەندىمۇ ئىنچۇ باغچىلارغا
36. قالان بەلگىلىمىگەنىدى.
37. هازىرقى (خانىمى)ز
38. تۇغلۇق تۆمۈرگە: خانلىق باغنى پەرۋىش قىلغۇچىلارنىڭ
39. ئىلتىماسى: بىز بۇرۇنقى ئاشۇ
40. (خاز)لار ۋاقتىدىن بۇيانىغا ئاكا - ئىنىلار
41. بىرلىكتە باغنى پەرۋىشلەپ،
42. باشقا ئالۋاڭ - ياساق
43. تۆلىمەي
44. (خاز)لىرىمىزغا تۆھپە قوشۇپ كېلىۋاتقانىدۇق.
45. مانا ئەمدى قېيىن بولۇۋاتقىنى
46. (خاز)ىمىز تۇغلۇغ تۆمۈرنىڭ
47. (ۋاقتى) دا ناچارلاشقان باغلىرىمىزنى
48. پەرۋىشلىسەكمۇ ياخشى
49. مەھسۇلات ئاز بولۇپ، زىيىنىمىز
50. كۆپ بولۇۋاتىدۇ، ھوسۇلسىز -
51. ئۈنۈمسىز باغلارنىڭ
52. كۆپى تاشلىنىپ قالدى. بىز ئاكا - ئىنىلەر
53. (ئەسلىدە) بىرگە ئىدۇق. بۇ يىل
54. ئاكىمىز ئۆلۈپ كېتىپ، نىمە قىلارىمىزنى بىلمەي
قالدۇق.
55. ئەگەردە ھەر بىرىمىزنى ئىككى كىشىلىكتىن ئالۋاڭ
56. تۆلىسۇن، دېيىلىدىغان بولسا، تۈگەش -
57. كىنىمىز شۇ.

58. بىزنىڭ ئالۋاڭ تۆلىشىمىزنىڭ (كەچۈرۈم قىلىنىشى
ھەققىدە)
59. ...... يارلىق بىرىلسە

# ئىدىقۇتتىن تېپىلغان «توي، نەزىر خىراجەت خاتىرىسى» ھەققىدە تەتقىقات

بۇ «توي، نەزىر خىراجەت خاتىرىسى» ھازىرغىچە بايقالغان ئىدىقۇت يازما ۋەسىقىلىرى ئىچىدە تارىخىي ۋە ئىلمىي قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بىر ھۆججەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى بۇددىست ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئېتنوگراپىيىسىگە ئائىت قىسمەن ئەھۋاللار بىر قەدەر مۇكەممەل ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكى بىلەن ئىدىقۇتشۇناسلىق ساھەسىدە مۇھىم بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يازما ۋەسىقە مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سوۋېت كونسۇلى ن. ن. كروتكوف (H. H. KPOTKOB) نىڭ قولىغا چۈشۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كېتىلگەن (قاچان، قەيەردىن تېپىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس). بۇ ۋەسىقە لېنىنگراد سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاسىيا مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى قوليازما بۆلۈمىدە ساقلانغان بولۇپ، س. ج $\frac{kY4}{638}$ بەلگە — نومۇر قويۇلغان. يازما ۋەسىقىنىڭ قەغىزى ساغۇچ رەڭدە، يۆگەلمە ھالەتتە، پۈتۈن ئۇزۇنلۇقى 287.5 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 19 سانتىمېتىر، خەت يېزىلغان قىسمى 266.5 سانتىمېتىر، ئاخىرى 21 سانتىمېتىر ئورۇن بوش قالدۇرۇلغان. ۋەسىقىنىڭ ئالدىنقى قىسمى — باش تەرىپى ئېغىر دەرىجىدە زىدىلەنگەن، باشقا يەرلىرى خېلى ئوبدان

ساقلانغان. خەتلەر قارا سىياھدا چىرايلىق قىلىپ باسما خەت شەكلىدە، يۇقىرىدىن ـ تۆۋەنگە قارىتىپ، سولدىن — ئوڭ تەرەپكە تارتىپ يېزىلغان. ۋەسىقە جەمئىي 200 قۇر بولۇپ، بەش پارچە قەغەز بىر ـ بىرىگە شىلىم بىلەن چاپلانغان، تۇتاشتۇرۇلغان جايى: 66 ـ 67 قۇرلار، 94 ـ 95، 136 ـ 137، 184 ـ 185 قۇرلارغا توغرا كەلگەن.

بۇ يازما ۋەسىقىنى ئەڭ دەسلەپ ۋ. ۋ. رادلوف قولغا ئالغان بولۇپ، 1920 ـ يىلى پۈتۈن تېكىستىنى ترانسكرىپسىيىلەشتۈرۈپ چىققان ھەمدە 40 قۇرنى نېمىسچە تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان، 1965 ـ يىلى ئى. ر. تېنىشېف، 1971 ـ يىلى گ. كلاۋسون بۇ ئەسەر ئۈستىدىكى تەتقىقات، كۆز قاراشلىرىنى ئېلان قىلغان (1966 ـ يىلى د. ئى. تىخنوف بۇ ۋەسىقىنىڭ فاكسىمىلىنى ئۆز ئەسىرىدە ئېلان قىلغان)، تىخنوفنىڭ فاكسىمىلىغا ئاساسەن، 1987 ـ يىلى ياپونىيە ئالىمى ئۇمېمۇرا خىروشى ئەپەندى ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىنى ئېلىپ بارغان. ئۇ بۇ يازما ۋەسىقىنىڭ تىل ـ يېزىق ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، ئۇنى XIII – XIV ئەسىرلەرگە مەنسۇپ دەپ قارىغان؛ ئېلىمىز تەتقىقاتچىلىرىدىن جاڭ تېسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىن گۇلشەن ۋاھىتلارمۇ بۇ ئەسەر ئۈستىدە ئەجىر سىڭدۈرگەن. مەن ئەنە شۇ ئۇمېمۇرا خىروشى ئەپەندىنىڭ 1987 ـ يىلى 3 ـ ئايدا《立正大学教育部纪要》لى جىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مائارىپ بۆلۈمىنىڭ خاتىرىلىرى — 1987 ـ يىلى 3 ـ ئايدا تارقىتىلغان 20 ـ تومىدىكى ترانسكرىپسىيىسىگە ئاساسەن بۇ ھۆججەتنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشرگە تەييارلىدىم.

«تويى، نەزىر خىراجەت خاتىرىسى» نىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، بۇ «خاتىرە» نى باسا توقمىل ئىسىملىك ئىككى خوتۇنلۇق (171 ـ، 172 ـ قۇرلاردىكى «ئىنانچى ئاپامدىن تۇغۇلغان سەۋىنچ قۇردغا ئاتلىق قىز......» دېگەن مەزمۇنغا ئاساسلانغاندا، باسا

توقىلىنىڭ ئىككى خوتۇنى بولغانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن) بىر ئەرنىڭ ئائىلىسىدە يېزىپ قالدۇرۇلغان دېيىشكە بولىدۇ. بۇ «خاتىرە» ئەنە شۇ باسا توقىلىنىڭ 3 ئوغۇل، 5 قىز، ئىككى خوتۇنى جەمئىي 10 — 11 جان سانى بولغان، يەر، سۇ، تەكلىك بېغى، ئۆي - ۋاقى (زېمىنى) بولغان، ئائىلە باشلىقى تاڭغىت، كۇچارلارغا سودىغا كېتىپ، چەت - ياقا يۇرتلاردا ئالەمدىن ئۆتكەن، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئوتتۇرا ھالدىكى بىر چوڭراق ئائىلىنىڭ توي، نەزىر خىراجىتى خاتىرىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ «خاتىرە» دە، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى بۇددىست ئۇيغۇرلىرىنىڭ (169 - قۇردىكى «كېلىنىڭگە تويلۇق ئۈچۈن ئېلىنغان قارازا - راھىبلىق تونى......... دېگەن مەزمۇنغا ئاساسلانغاندا) ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، ئېتنوگرافىك ئەھۋاللىرى بىر قەدەر ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. بىز بۇ «خاتىرە» دىن تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلارنى كۆرىمىز:

① ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە قوللىنىلغان ئۆلچەم ئاتالغۇلىرى ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ياستۇق — كۇمۇش پۇل بىرلىكى، بىر ياستۇق 100 سەرگە تەڭ. ستىر — يۇز ستىر بىر ياستۇققا تەڭ. باقىر — ئون باقىر بىر ستىرغا تەڭ تۇرىدۇ. شىق - ئون كۇرە (بىر كۇرە بۇغداي 40 جىڭ ئەتراپىدا، بىر شىق بۇغداي 400 جىڭ ئەتراپىدا). تاڭ ياكى تەڭ — ئېغىرلىق ئۆلچىمى قاتارلىقلار.

② رەخت ۋە كىيىم - كېچەكلەردىن: كىمخاب، دۇردۇن، تاۋار (ھەر خىل رەڭدىكى ھەم گۈللۈك، گۈلسىز تاۋارلار)، بۆز، تورقۇ (يىپەك)، قولدا توقۇلغان چەكمەن، شايى، يامغۇرلۇق، راھىبلىق تونى، تاۋار يېپىنچا، ئۆي ئىچىلىك يېپىنچا، تون، ئۆتۈك قاتارلىقلار.

③ بېزەك - زىننەت، گىرىم بۇيۇملىرىدىن: ئەينەك، تارغاق، مۇنچاق، بىلەزۈك، ئۈپا - ئەڭلىك، خېنا، تاراشلانغان كۆك

ياقۇت، قاشتېشى، چاچ قىسقۇچ، ئۈنچە ـ مارجان، كەھرىۋا قاتارلىقلار.

④ تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن: خۇرجۇن، ياغاچ ئاياغ، پولات پىچاق، غەلۋىر، بىلەي، يىڭنە قۇتىسى، بىگىز قۇتىسى، شىرماق، پىلىك، قۇراق تۇشۇك، بوخچا قاتارلىقلار.

⑤ 12 مۇچەلگە ئائىت مەلۇماتلار.

⑥ نەرسە ـ كېرەك، كىيىم ـ كېچەك، رەخت ـ توقۇلما، ئات ـ كالا، قويلارنىڭ باھالىرى.

⑦ بىر گە يېرىم، بىر گە بىر ئۆسۈم تۆلەش ئادەتلىرى.

⑧ تويلۇق سېلىق، توي قائىدىلىرى. مەسىلەن، تويلۇق سېلىقنىڭ باش نىشانى ھېسابىدا ئاق كىمخاب رەخت بېرىش، توي ئەلچىلىرى ياكى توي كۆچۈرگۈچىلەرنى ئىشىككە باشلاپ كەلگۈچىگە توق قىزىل تاۋار بېرىش، قىز ئېلىپ كەلگۈچى خېنىملارغا قىزىل تاۋاردىن سۆيۈنچە بېرىش، قىزغا ئاتاپ ئۈپا ـ ئەڭلىك، خېنە، ئەينەك، تاغاق، بىلەزۈك، مۇنچاق، تىزىقلىق ئۈنچە، ياقۇت، كەھرىۋا، قاشتېشى ھازىرلاش ۋە قىزنى ئۇزاتقاندا ئۇنىڭغا غەلۋىر، بوخچا، بىلەي قوشۇپ بېرىش، كېلىنگە ئاتاپ راھىلىق تونى تەييارلاش، كۆيئوغۇلغا تونلۇق ھازىرلاش، قىز ـ يىگىتنىڭ تويدىن ئىلگىرىكى ئۇچراشقۇ سورۇنىدا كۆرۈشۈش قائىدىسى، شەھەر قائىدىسى دەپ بىر قوينى ئايرىم تەييارلاش ئادىتى، توي كۆچۈرگەندە كوچا دەرۋازىسىغا قارىغۇچىغا يىپەك رەخت سوۋغا قىلىش، شەھەر دەرۋازىسىغا قارىغۇچىغا يىپەك رەخت سوۋغا قىلىپ دەرۋازا ئاچقۇزۇش...... قاتارلىق ئېتنوگرافىك مەلۇماتلار، قائىدە ـ يوسۇنلار، شۇنىڭدەك تويلۇق سېلىق ئۈچۈن يىگىت تەرەپلا چىقىمدار بولۇپ قالماي، بەلكى قىز چىقارغۇچى تەرەپمۇ ئېغىر چىقىمدار بولۇشتەك ئۆرپ ـ ئادەت بايانلىرى مەزكۇر «خاتىرە» نىڭ تارىخىي ۋە ئىلمىي قىممىتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ.

بولۇپمۇ «خاتىرە» دىن مەلۇم بولغان ئۆسۈمگە پۇل ۋە ئاشلىق قەرز بېرىش، جازانىخورلۇق ئادەتلىرى فېئوداللىق خاراكتېر ئالغان ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ جەمئىيىتىنى چۈشىنىشتە مۇھىم پاكىت ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، تېكىستنىڭ 108 ـ 121 قۇرلىرىدا 12 ستىر كۈمۈشكە ئايدا 3 باقىر ئۆسۈم تۆلەش، ئون ئىككى ستىر كۈمۈشكە ئالتە ستىر ئۆسۈم قايتۇرۇش، سەككىز ستىر كۈمۈشكە سەككىز ستىر كۈمۈش ئۆسۈم بېرىش، يەنە شۇنىڭدەك ئىككى ياستۇق كۈمۈشنىڭ 23 يىللىق ئۆسۈمى ۋە بىر ياستۇقنىڭ 13 يىللىق ئۆسۈمى قوشۇلۇپ جەمئىي ئون تۆت ياستۇق، قىرىق ئىككى ستىر كۈمۈش بولغانلىقى قاتارلىق مەلۇماتلاردىن بىز ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ ئىنتايىن مۇرەككەپلەشكەنلىكىنى، جازانىخورلۇقنىڭ ناھايىتى ئېغىرلىقىنى، شۇنىڭدەك ئىدىقۇتتا «قامدۇ» دېگەن «رەخت پۇل» ئىشلىتىشتىن سىرت، يەنە ئالتۇن، كۈمۈش، مىس پۇللارنىڭمۇ قوللىنىلغانلىنىدەك تارىخىي مەلۇماتلارغا ئىگە بولىمىز.

«خاتىرە» دىن مەلۇم بولۇشىچە، بىر قېتىملىق توي خىراجىتى جەمئىي ئۈچ ياستۇق، ئەللىك تۆت ستىر كۈمۈش بولغان. مۇشۇ خاتىرىدە يەنە بىر قوينىڭ باھاسى بىر ستىر بەش باقىر ئىكەنلىكى يېزىلغان. شۇ بويىچە ھېسابلىغاندا، بىر توينىڭ (ئوغۇل تەرەپنىڭ) تويلۇق چىقىمى 170 قويغا توختىغان بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، تېكىستنىڭ 130 ـ، 136 ـ قۇرلىرىدا بېرىلگەن مەلۇماتتا، ئىنانچى ئىسىملىك ئايالنىڭ ئۆلۈمىنى ئۆزىتىش ئۈچۈن ئۈچ ئادەمدىن جەمئىي 20 شىق ئاشلىق ئۆتنە ئېلىنغان. بىر قانچە يىلدىلا بۇ ئاشلىقلارنىڭ قايتۇرۇلۇشقا تېگىشلىك بولغىنى (دىرى ۋە ئۆسۈمى قوشۇلۇپ) يۈز شىق (مىڭ كۈرە) ئاشلىق بولغان. بۇ ئاشلىقلارنى ھەر كۈرىسىنى 40 جىڭدىن ھېسابلىغاندا جەمئىي 400 مىڭ جىڭغا يەتكەن. بۇنى تونىنىغا سۇندۇرغاندا خېلىلا ساندىكى ئاشلىق بولىدۇ. بۇنى بىرەر ھاللىق

ئائىلىنىڭ تولەپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس!

ئەنە شۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، مال - مۈلكىدىن، يەر - سۇيىدىن، ئۆي - زېمىنىدىن ئايرىلىدىغان بىر قەدەر ئەركىن دېھقانلار، پۇقرالار، يەنى «قالانچى» دەپ ئاتىلىدىغان تەبىقىدىكىلەر ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا تەدرىجىي كۆپەيگەن. بۇلارنىڭ چىقىش يولى يالالنما دېھقان بولۇش، يەرنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىش ياكى كۆپىنچە موناستىر، ئىبادەتخانىلارغا يۈزلىنىپ، راھىبلىق بولىغا، تەركىدۇنياچىلىققا مېڭىش بولۇپ، بۇ خىلدىكى ئاۋامنىڭ كۆپىيىشى، يوقسىزلىق دەردىدە ئۆزلىرىگە روھىي تەسەللىي ئىزدەپ، ئىبادەتخانىلارغا بېقىنىپ قېلىشى ئىدىقۇت رايونىدا دىنىنىڭ بارغانچە مۇستەھكەملىنىشىدىكى مەلۇم سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالاتتى. بۇ ھال، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئارزۇسىغا ماس كېلەتتى. گەرچە، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، ھەر خىل دىنلارغا، ھەر خىل پىكىر ئېقىملىرىغا، ھەر قايسى ئەللەردىن كەلگەنلەرگە بىر قەدەر كەڭرەك ئىمكانىيەتلەر بېرىلىپ، ئىدىقۇت ئىجتىمائىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق شارائىتلار يارىتىلغان بولسىمۇ، ئىقتىسادىي، پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكى يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار «چوڭ بېلىقلارنىڭ كىچىك بېلىقلارنى يېيىشى» دەك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ، ئاۋام خەلقنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتەتتى -دە، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا تەڭپۇڭسىزلىق پەيدا بولاتتى. بۇ ھال، گۈللەنگەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پاسسىپ بىر تەرىپى ئىدى.

«توي، نەزىر خىراجەت خاتىرىسى» بىزگە يۇقىرىقىدەك تارىخىي مەلۇماتلارنى ئەينەن يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكى بىلەن، ئىدىقۇتشۇناسلىق ساھەسىدە تېپىلغۇسىز ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

# «توي، نەزىر خىراجەت خاتىرىسى» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى

**قۇر نومۇرى:**

1. ...... ستىر ئالتى (ئالتى باقىر ـ قا)
2. ...... (ئالتى)ى. بىر ستىر ـ قا تىمىن تىمە(اتى)
3. ...... (باق) ىر ـ قا ئالتى. ئۇچ ياستۇ(ق)......
4. ......... ـ نىڭ ...... ـ نى ... ... ... ... ... ... .
5. ......... ـ تاقى تۆرت قويىن ـ قا ئۇچ ستىر بىرتى(.)
6. ...... ستىر ـ قا قولۇپ بىرمەيۇك قۇتلۇق
7. ...... كۆنەك ـ نى سىپ بىرتى. بىر ياستۇق
8. ...... (ئىلل)گ ستىر قابىن ئاتىرىپ بىر
9. ...... (ي)استۇق يىتى يگرمى ستىر تۆرت باقىر
10. (ئە)ۋ ـ تىن ئۇندى. بۇ قىز (ـ نى) تاۋسقان(يىل)
11. (ئون) ۇچ (ئا)ي كۇدەگۇ ـ كە بىرتىمىز......

12. (ئا)يىنىڭ سەپ ئۆتۇز ـ ى قابىن ئىكى
13. (ياستۇ)ق بىس قىرق ستىر كۇمۇش ئالتىمىز.
14. (يىتى) ئوتۇز ستىر كۇمۇش ـ كە شىرماغ ئالتىمىز.
ئىكى
15. (يگرم)ى ستىر ـ قا قوچۇ ـ تىن يۆرۈك يىنچۇ ئالىپ
16. ......... توساغ ـ لىغ يىنچۇ توقۇز ستىر بىس ب(اقىر)
17. (ـ قا) ساردپا ـ لىغ تويىن ـ تىن بىر ستىر ئىكى

18. (باقىر) ـ قا يېرلىگ شىراغقا بېتگېك ئالتىمىز.
19. ...... ستىر ئۈچ باقىر ـ قا سېكىز سىسر
20. (ئالتىم)ىز. قوبىق ـ نى بىر ستىر ـ قا ئالتىمىز.
21. ب(ىر) ستىر يېتى باقىر ـ قا (تو)قۇز مونچۇق
22. (ئالت)ىمىز. ئىكى باقىر ئال ...... ن ـ نى ئىكى ستىر ......
23. (باقىر) ـ قا ئالتىمىز. (ئۇ) لۇغ كۆسۆكۆ ئۈچ ستىر
24. (سەكى)ز باقىر ـ قا ئالتىمىز. كىچىك كۆسۆكۆ بىر
25. (ستىر) ـ قا ئالتىمىز. ئال ئالتۇن ـ لۇغ يېتى ستىر
26. (ـ قا) ئالتىمىز. بېش ستىر بېش باقىر ـ قا
27. ...... ئالتىمىز. ئىكى ستىر ئۈچ باقىر ـ قا
28. ...... لىغ ئالتىمىز. ئالتى ستىر ـ قا......
29. (مون) چۇق كۆگۆسېگ ئالتىمىز. ئىكى يېگرمى
30. (ستىر) ـ قا يالم ـ ا ـ لىغ كۆن ـ نى ئالتىمىز.
31. ...... تونلۇغ يېپكىن ئالتۇن ـ لۇق تۆرت
32. (ستىر) ـ قا ئالتىمىز ئىكى سۇنما[1] تونقا
33. (كۆ) گۆلۈگ تورقۇ ـ نى ئۈچ ستىر ـ قا ئالتىمىز.
34. ...... يالما ـ قا بىر يارىم ستىر ـ قا كۆگۆلۈگ
35. (تورقۇ) ئالتىمىز. ئالتى ستىر ـ قا ئۆرۈم ـ لۈغ
36. ...... ئالتىمىز. سامىس ـ قا كۆگۆلۈگ تورقۇ
37. (بىر ي) ارىم ستىر ـ قا ئالتىمىز. تاۋار ئەسۈك
38. ...... ستىر ـ قا ئالتىمىز. ئەۋلىگ ئەسۆك ـ كە
39. (كۆگۆ)لۈگ يېپكىن چۇغ ـ نى ئىكى ستىر
40. (... باقىر) ـ قا ئالتىمىز. ياستۇق ـ لۇغ قىزىل
41. (ئالت) ۇن ـ لۇق بىر ستىر ـ قا ئالتىمىز. بىر
42. (ستىر) ـ قا چېكىن كېرلېگ ئالتىمىز. بىر يارىم
43. (ستىر) ـ قا ئىكى قۇلا ساغرى ئۈچ ستىر ـ قا

---

① بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

44. (سەكىز) قۇلاچ يولاق ئەسۆك ـ كە بېس يىنچكە
45. (تاۋار) تۆرت ستىر ـ قا ئالتىمىز. ئىككى
46. ...... ئۆكمەن[1] تۆرت ستىر ـ قا ئالتىمىز
47. ئىككى پولات بىچاق ئالتى باقىر ـ قا ئالتىمىز.
48. (ئى)ككى تېبە(ي)ن چىماتى بىر ستىر ـ قا ئالتىمىز.
49. ئىككى ئۆسگەك چىماتى بىر تۆرتگىل
50. تېمىن چىماتى بىر ستىر ـ قا ئالتىمىز
51. (يا) ستۇقىقا تورقۇ بىر تاك يۈكە
52. ...... ئۈچ باقىر ـ قا ئالتىمىز. باشغاق ـ قا
53. ...... ـ لۇغ يارىلغۇ ـ قا ياغىرلىقا ئىككى
54. بۈرگە ـ لۈگ كەگزى ـ نى يىتى باقىر ـ قا ئالتىمىز.
55. يەك ئاغىز ـ لىغ ياقا ـ لىغ بىر ئۈلەبۈ
56. يىپكىن چوغ تۆرت باقىر ـ قا ئالتىمىز.
57. (ئۈ)چ باقىر ـ قا يارىق ئالتىمىز. بېس باقىر
58. (ـ قا) قاۋ ئالتىمىز. بېس باقىر ـ قا بىر كېش
59. (ئال) تىمىز. سەكىز باقىر ـ قا ساغرى ئەتۈك بىر
60. (سـ) تىر ـ قا قىزىل چۈغ ئۆر(ۈ) مەن ئالتىمىز. تۆرت
61. باقىر ـ قا ئىككى بىلەك بادۇ ئالتىمىز. تۆرت
62. (بـ) لەك سادا ئىككى باقىر ـ قا ئالتىمىز. يۆرۈك
63. سادا ئۈچ باقىر ـ قا ئالتىمىز. ئىككى چېكىن
64. ـ نى (ئال) تى ستىر كۈمۈش ـ كە تۆرت
65. بۈكۈم قارىن تۆشەك ئىككى ستىر
66. (كۈمۈ) ش ـ كە تارتبان قارىن تۆشەك......
67. (ئال) تىمىز. توي ـ تاقى قويىن ـ قا ئالى
68. ...... چى ئەۋلى تاماز ـ تىن ئۈچ قويىن ـ نى
69. (ئالتـ)ى ستىر بېش باقىر ـ قا ئالتىمىز.

---

① بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

70. ماسار - تىن ئىكى ستىر - قا ئات ئالتىمىز.
71. بىر يارىم ستىر - قا بور ئالتىمىز.
72. (سىق) تارىغ - نى ئىكى يارىم ستىر - قا ئالتىمىز.
73. ئىكى ياستۇق بېش قىرق ستىر قابىن
74. ئاتىرىپ ئەۋتىن ئۈنمىش بىر قىرق
75. ستىر بولتى. مۇنتىن تاش سەۋدى ئاتلىغ
76. بېش ئوتۇز ياش - لىغ چىگە - تىن ئۆردۆمەن
77. بۆز توقىر كەد بۆز - چى قۇل - نى
78. ئىنىم ئەۋىنتە مەنى① توقىپ قىز - قا
79. بېرتى.

80. توڭۇز يىل - قى ئۆدۆس توقىل - نىڭ
81. قىز - قا قابىن ياستۇق ئۆسكە
82. (- تىن) ئىكى ياستۇق ئاسىغ ئالتى. بىر
83. ياستۇق ئەۋتىن ئۈندۈرۈپ ئۈچ ياش (تۇق)
84. (قا) بىز - نى بېرتى. باش قابىن - تىن ئۈرغۇ②
85. يۆرۈك ئىسگرتى - نى تۆرت ستىر
86. - قا ئالتى. بىر يارىم ستىر كۈمۈش بىلە
87. ئۆدۈرغۇ تىنترەن چەش قاش ئەۋتىڭۇ قىلدى.
88. (ئۇ)لۇغ كىچىگ ئەڭلىك بىر ستىر - قا ئالتى
89. (كۇ)دەگۇ تۇرمىش - تاقى تونلۇغ تاۋار - قا
90. بىر يىگرمى ستىر كۆگۈلۈگ تورقۇ - قا
91. ئىكى ستىر بىرلە ئۈچ يىگرمى ستىر
92. (ت) اۋار ئۆ(رۈ) مەن - كە ئۈچ ستىر بېرتى.
93. (ق)ىز تەگۇرۇ كەلگۈچى تەرىم - لەر - كە ئىكى

① بۇ سۆزنىڭ مەنىسى مەلۇم ئەمەس، بەلكىم خاتا يېزىلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.
② بۇ سۆزنى « udurku — تاللانغان» سۆزنىڭ يېزىلىپ قېلىشى دەپ قارىدىم.

94. يىپكىن چوغ ئالتۇن سىنىر بېرتى
95. (توي) ـ تاقى ئون قويىند ـ نۆڭ سادىغى يىگرمى
96. (سىن)ىر بېرتى. ئىشىگ باشلاپ كەلگۈچى ـ كە
97. (ب)ىر يىپكىن چوغ ئالىپ بېرتىمىز. قابىن بېرمىش
98. ئىكى ياستۇق ـ نۆڭ ئاسىغ ـ مىن ئۈچ ئوتۇز يىل
99. بېرتىمىز. تۆرۈلۈگ ئالمىش بىر ياستۇق
100. ـ (نۆ)ڭ ئاسىغ ـ نى ئۈچ يىگرمى يىل بېرتىمىز.
101. ـ بۇ ئۈچ ياستۇق ـ نۆڭ ئاسىغى بىنى بىلە
102. تۆرت يىگرمى ياستۇق ئىكى ئەلىگ سىتىر
103. كۈمۈش بېرتى

104. يىلان يىل ئۈچۈنچ ئاي بىر ياڭىقا
105. ئىنانچى ئاپام ـ نىڭ ئۆلۈگ كۆتۈرمىش
106. يوڭلاق ئۆتۈز ـ ى ئالىپ تۆرمىش تۆرت ئوغلى
107. ساياڭ ـ تىن يارىم ياستۇق بېشەر سىتىر
108. ـ قا ئاسىغ ـ قا ئالتىمىز. توقۇز ـ تىن ئىكى يىگرمى
109. سىتىر كۈمۈش بىر ئاي ـ تا ئۆچەر باقىر
110. ـ قا ئاسىغ ـ قا ئالتىمىز. ئۆگرۈنچ ـ تىن سەكىز
111. سىتىر ئىكىرەر باقىر ئاسىغ ـ قا ئالتىمىز.
112. چىڭۇز ـ تىن يىتى سىتىر ئالتى. تۆرۈلۈگ
113. سەكىز سىق تارىغ تۇس ـ كە ئالتىمىز. بىر
114. كۆپ بور ـ نى سەكىز سىتىر كۈمۈش بەرگۈ ـ كە
115. ئەرۈك ـ تىن ئالتىمىز. بۇ ساياڭ ـ نىڭ يارىم
116. ياستۇق ـ قا يىگرمى سىتىر ئاسىغى بىلە
117. بېرتىمىز. توقۇز ـ قا ئىكى يىگرمى سىتىر كۈمۈش
118. ـ نۆڭ ئاسىغى ئالتى سىتىر كۈمۈش بىلە
119. بېرتىمىز. ئۆگرۈنچ ـ نۆڭ سەكىز سىتىر كۈمۈش
120. ـ نۆڭ ئاسىغى سەكىز سىتىر بىلە بېرتىمىز.

121. چىگۈزتۇ - قا يىتى ستىر بېرتىمىز.
122. ئىنانچى ئاپام - غا ئۈلۈگ كۆتۈرمىش مەن
123. ئالمىش كۈمۈش - لىمر - نىڭ بىنى ئاسىغى بىلە
124. بىر ياستۇق ئىكى ئەلىگ ستىر بېرتىمىز.

125. قويىن يىل ئونۇنچ ئاي بىر يگرمىكە ئورۇل
126. قۇردغا يەگەنىم ئۆلدى. ئۆلۈگ
127. كۆتۈرمىش يوگلاق ئۆتۈزى بىر ياستۇق
128. باقىرا - تىن ئالىپ يوگلادىمىز. تۆرۈلۈگ
129. تارىغ ئون شىق چىگۈز - تىن تۇش - كە
130. ئالتىمىز. ئۆدۈش توقىل - قا تۆرۈلۈگ
131. تارىغ ئىگلامىش شىلا - تىن ئون شىق تۇش
132. - كە ئالتىمىز. ئىنانچى ئاپام - غا تۆرۈلۈگ
133. بۇ ئۆچەگۈ - نۇڭ تۆرۈلۈگ تۇش - كە ئالمىش
134. تارىغ - لار - د - نىڭ تۇش - ى ئاسىغ
135. ئاسىغ - ى قاۋشىپ يۈز سىق تارىغ
136. بولمىش.

137. ئۆرۈككە قويىن يىل سەكىز - ىنچ ئاي
138. كەلىن كىردى. ئىكى ياستۇق بېس قىرق
139. ستىر كۈمۈش قابىن بېرتىمىز. باش
140. قابىن - قا ئىكى ستىر - قا يۆرۈڭ ئىسگىرتى
141. بىر ستىر تاردما كۈمۈش ئۆزە تىتىرەن
142. چەش ئۆدۈرغۇ قاش ئەۋتىگۈ قىلدى.
143. ئۇلۇغ كىچىك ئەگلىك - كە ئالتى باقىر بېرتى
144. ئاتلىغ تىشلىگ ئۆچ ئۆلەدۈ يۆرۈڭ
145. چوغ - ىنى ئالتى باقىر - قا ئالتىمىز. ئۆپا قىنا
146. ئۆچ باقىر - قا ق(-)يا تاراق ق(-)يا چەش ئالتى

147. ئالتىمىز. قالىر بوغ ـ نى بىس باقىر ـ قا ئالتىمىز.
148. سۈردۈنچ ئۈچ باقىر ـ قا ئالتىمىز. باش قابىن
149. تاقى قويىن ـ قا بىر ستىر بىر يارىم باقىر
150. بىرتىم. بالىق تۆرۈسى تىپ بىر ستىر
151. يارىم باقىر ـ قا قويىن ئالتىم. قاي قاپۇ ـ تا
152. تۆرغۇچى ـ قا بىس باقىر تورقۇ ئالىپ بىرتىم
153. بارلىق قاپۇ ـ تا قاپىغ ـ چى ـ قا بىس باقىر
154. ـ قا تورقۇ ئالىپ بىرتىم. قىز كەلۈرگۈچى ئىكى
تۆرت
156. باقىر ئالىپ بىرتىمىز. ئىشگ كەلۈرگۈچى ـ كە
157. بىر ستىر ئىكى باقىر ـ قا يىپكىن چۇغ ئالىپ
158. بىرتىمىز. ئالغالى بارغۇچى ـ قا بىر قويىن
159. تۇشۇ ـ لۇغ يارىم قويىن كىچەكى بىر يارىم
160. قويىن ئىكىنتى كۈن ـ كى ئىكى قويىن بىس
161. قويىن ـ نۇڭ بىس ستىر بىس باقىر ئالتىمىز.
162. سوقۇم ـ لۇغ ئۆد ـ نۈڭ تۆرت ستىر ئالتى
163. باقىر ـ قا ئالتىمىز. ئۆرۈك ـ كە كۈدەگۈ تۇرمىش
164. ـ تاقى بىر ستىر يىتى باقىر ـ قا قىزىل
165. ئىسىگىردى تۆرت ستىر ئۈچ باقىر ـ قا چىكىن
166. ـ لىگ قىزىل چۇغ ئالتىمىز. بىر ستىر يىتى
167. باقىر ـ قا سارىغ چۇغ ئۆرۈمەن چوشۇن ـ لۇغ[1]
168. سەبىك[2] ئالتىمىز. سەكىز باقىر ـ قا ئۈچ ئۈلەدۈ
169. يىپكىن ئالا ئالتىمىز. قارازا ـ قا كەلىن ـ كە قابىن
170. ـ ى ئاش ـ ى توي ـ ى يوكلاق ـ ى ئۈچ ياستۇق
171. يىتى يىگرمى ستىر بىس باقىر بولتى. ئىنانچى

---

① بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس.
② بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس

172. ئاپام ـ نىن تۇغمىش سەۋىنچ قۇردغا ئاتلىغ قىز
173. ـ نىڭ ئىلىق ئاتلىغ قىز ـ نىڭ بۇ ئىكى قىز
174. ـ نىڭ سەپى ساز ـ ىقا كۆگۈرمەتىن قالمىش
175. ئىكى ئوغۇل ـ نۇڭ ئۈچ قىز ـ نىڭ بۇ قىز ـ لار
176. ـ نى كۆدەگۈ ـ كە ئۇندۇرۇپ ئوغۇل كەلىن ئالىپ
177. قورى يوڭلاق ـ ى ئەۋتىن يەتگۈرمەتىن
178. ئاسىغ ـ ىقا تۇشى ـ كە ئاغىر قالا
179. بولۇپ تەگۈرۈ ئۇماتىن ئاسىغ ـ ى تۇشى ـ ى
180. ئۆكۈش بولۇپ يىتى يىگرمى ياستۇق يىتى
181. يىگرمى ستىر تۇكەتى بولتى. ئۈچ ئۆلۈگ
182. كۆتۈرمىش ـ تەكى يوڭلاق ئەۋتىن يەتكۈر
183. ـ مەتىن ئاسىغ ـ ىقا تۇشى ـ كە ئالىپ بەرىپ
184. ئۇماتىن ئاسىغ ـ ى تۇشى ـ ى تەگمىش ـ ى
185. تەگمەيۈكى بىلە بىرىكىپ يىتى
186. ياستۇق قىرق ستىر بولتى

187. ئاتام باسا توقىل تىرىگىندە
188. بىر باقىر مە بىرىم قودماتىن
189. بورلۇق يىر سۆۋ ئەۋ بارق
190. تۇكەل قودۇپ تاڭۇت بارتى. ئىكىنتى
191. يىلىن ئالاۋەرتىن قۇچا ـ تىن يارىم
192. ياستۇق تاردم ـ ا كۈمۈش ئالتمىش
193. سان تاۋار بەلەگ ئىدتى. يانا
194. باباق ـ تاقى سامان ياپىغ ـ تىن
195. يىتى تورقۇ بەلەگ ئىدتى. بۇرخان
196. ـ لىغ سۆمد ـ تۆ ـ تىن بىر ياستۇق
197. تاردم ـ ا كۈمۈش بەلەگ ئىدتى. ئۆز ـ ى
198. ئوغۇل قىز ئالماتى. قىز كۆدەگۈ ـ كە
199. ئۇندۇرمەتى. مەن تاماق ئاقام تاۋار
200. ـ ىڭا قىز ئالتىم.

# «توي، نەزىر خىراجەت خاتىرىسى» نىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى

قۇر نومۇرى:

I

1. ...... سىتىر ئالتە باقىرغا
2. ...... ئالدى. بىر سىتىرغا يىگنە قۇتىسى
3. ...... باقىرغا ئالدى. ئۈچ ياستۇق
4. ...... ـ نۆك ...... ـ نى ......
5. ...... ـ دىكى تۆت قويغا ئۈچ سىتىر بەردى.
6. ...... سىتىرغا بىرىشنى خالىمىغان. قۇتلۇق
7. ...... ياغاچ ئاياغنى تويلۇققا بەردى. بىر ياستۇق
8. ...... ئەللىك سىتىرلىق توي سىبلىقىنى ئايرىغاندا بىر
9. ياستۇق ئون يەتتە سىتىر تۆت باقىر
10. ئۆيدىن چىقتى. بۇ قىزنى توشقان يىلى
11. ئونىنچى ئايدا كۈيئوغۇلغا بەردۇق.

II

12. ...... ئايدىكى تويلۇق چىقىم خاتىرىسى: توي سىبلىقىنى ئىككى

13. ياستۇق ئوتتۇز بەش ستىر كۆمۈشكە ئالدۇق.
14. يىگىرمە يەتتە ستىر كۆمۈشكە شىرماق ئالدۇق.
15. ئون ئىككى ستىرغا قوچۇدىن ئاق ئۈنچە ئېلىپ،
16. …… تىزىقلىق ئۈنچىنى توققۇز ستىر بەش باقىر
17. ـ غا ساردپالىق راھىبتىن بىر ستىر ئىككى
18. باقىرغا يەرلىك شىراغقا(؟) خۇرجۇن ئالدۇق
19. …… ستىر ئۈچ باقىرغا سەككىز ياقۇت
20. ئالدۇق. كەھرىۋانى بىر ستىرغا ئالدۇق.
21. بىر ستىر يەتتە باقىرغا توققۇز مۇنچاق
22. ئالدۇق. ئىككى باقىر ئال …… ن …… نى ئىككى
ستىر……
23. باقىرغا ئالدۇق. چوڭ ئەينەكنى ئۈچ ستىر
24. سەككىز باقىرغا ئالدۇق. كىچىك ئەينەكنى بىر
25. ستىرغا ئالدۇق. ھال زەرباپنى يەتتە ستىر
26. ـ غا ئالدۇق. بەش ستىر بەش باقىرغا
27. …… ئالدۇق. ئىككى ستىر ئۈچ باقىرغا
28. …… لىغ ئالدۇق. ئالتە ستىرغا……
29. مۇنچاق، جىلىتكە ئالدۇق. ئون ئىككى
30. ستىرغا يامغۇرلۇق كۆن ئالدۇق.
31. …… تونلۇق توق قىزىل زەرباپنى تۆت
32. ستىرغا ئالدۇق. ئىككى سۇنما(؟) تونغا
33. ئەلا سورتلۇق تورقۇنى ئۈچ ستىرغا ئالدۇق.
34. …… يامغۇرلۇق يېپىنچا ئۈچۈن بىر يېرىم ستىرغا
ئەلا سورتلۇق
35. تورقۇ ئالدۇق. ئالتە ستىرغا رىمنىك(؟)
36. …… ئالدۇق. سامىستىن ئەلا سورتلۇق تورقۇنى
37. بىر يېرىم ستىرغا ئالدۇق. تاۋار يېپىنچىنى
38. …… ستىرغا ئالدۇق. ئۆي ئىچىلىك يېپىنچىغا

39. ئەلا سورتلۇق توق قىزىل تاۋارنى ئىككى ستىر
40. ...... باقىرغا ئالدۇق. ياستۇقلۇق قىزىل
41. زەرباپنى بىر ستىرغا ئالدۇق. بىر
42. ستىرغا مەشۇت زەر يىپ ئالدۇق. بىر يېرىم
43. ستىرغا ئىككى قۇلا ساغرىنى(؟)، ئۈچ ستىرغا
44. سەككىز غۇلاچ يوللۇق يىپىنچا (بىلەن)، بەش نىپىز
45. تاۋارنى تۆت ستىرغا ئالدۇق، ئىككى
46. ...... ئۆكمەن(؟) تۆت ستىرغا ئالدۇق
47. ئىككى پولات پىچاقنى ئالتە باقىرغا ئالدۇق
48. ئىككى يىڭنە قۇتىسىنى بىر ستىرغا ئالدۇق
49. ئىككى بىگىز قۇتىسى (بىلەن) بىر تۆت قىرلىق
50. يىڭنە قۇتىسىنى بىر ستىرغا ئالدۇق
51. ...... ياستۇقغا تورقۇ(بىلەن)بىر تاڭ[①] پەينى
52. ...... ئۈچ باقىرغا ئالدۇق. باشقا تاقايدىغان
چاچ قىسقۇچ(؟)
53. ...... لۇغ يوپۇغ، ئىچمەك(؟) ئىككى
54. بۇرگەلۇگ(؟) دۇردۇننى يەتتە باقىرغا ئالدۇق
55. يەڭ ئاغزى (بىلەن) ياقىلىق (ئۈچۈن) بىر پارچە
56. توق قىزىل تاۋارنى تۆت باقىرغا ئالدۇق
57. ئۈچ باقىرغا يارما ئايرىغۇچ ئالدۇق. بەش باقىر
58. ـ غا پىلىك ئالدۇق. بەش باقىرغا بىر قارا بۇلغۇن تېرىسى
59. ئالدۇق، سەككىز باقىرغا ساغرى ئۆتۈك، بىر
60. ستىرغا قولدا توقۇلغان قىزىل تاۋار ئالدۇق، تۆت
61. باقىرغا ئىككى بىلەزۈك ئالدۇق. تۆت
62. بىلەك مارجاننى ئىككى باقىرغا ئالدۇق. ئاق

① مىقدار سۆز، خەنزۇچە «دەن» دىن ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن.

63. مارجاننى ئۈچ باقىرغا ئالدۇق. ئىككى چىكەن -

64. نى ئالتە ستىر كۈمۈشكە، تۆت

65. بۈكۈم قۇراق تۆشەكنى ئىككى ستىر......

66. كۈمۈشكە، تارتمان(؟) قۇراق تۆشەك......

67. ئالدۇق. تويغا ئىشلىتىلىدىغان قوي ئۈچۈن ئالى

68. ئاكا ئۆيىدە تۇرۇشلۇق تامانتىن ئۈچ قوينى

69. ئالتە ستىر، بەش باقىرغا ئالدۇق.

70. ماساردىن ئىككى ستىرغا ئات ئالدۇق.

71. بىر يېرىم ستىرغا ئۈزۈم ھارىقى ئالدۇق. بىر

72. شىق (ئون كۈرە) ئاشلىقنى ئىككى يېرىم ستىرغا

ئالدۇق.

73. ئىككى ياستۇق ئوتتۇز بەش ستىر توي سېلىقىنى

74. ئايرىغاندا، ئۆيدىن چىققىنى ئوتتۇز بىر

75. ستىر بولدى. بۆنىگدىن(باشقا) تاش سەۋتى ئاتلىق

76. يىگىرمە بەش ياشلىق كىيىم تىككۈچىدىن قولدا

77. بۆز توقۇيدىغان قاۋۇل بۆزچى قۇلنى(ياللىدۇق).

78. (ئۇ) ئىنىم ئۆيىدە (؟) توقۇپ، قىزغا

79. بەردى.

III

80. توڭگۇز يىلى ئۆدۈش توقىلىنىڭ

81. قىزىغا توي سېلىقى (ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان) ياستۇق،[①]

ئۆسگە

82. - دىن ئىككى ياستۇقنى ئۆسۈمگە (قەرز) ئېلىندى. بىر

83. ياستۇقنى ئۆيدىن چىقىرىپ، (جەمئىي) ئۈچ ياستۇق

84. تويلۇق بېرىلدى. توي سېلىقىنىڭ بېشى قىلىپ

---

① ياستۇق — كۈمۈش پۇل بىرلىكى.

بېرىلىدىغان تاللانغان
85. ئاق كىمخاب تۆت سىتىرغا
86. ئېلىنىدى. بىر يېرىم سىتىر كۈمۈش بىلەن
87. تاللانغان تاراشلانغان كۆك ياقۇت، قاش تاشلىرى
تەييار قىلىنىدى.
88. چوڭ - كىچىك ئەگلىكلەر بىر سىتىرغا سېتىۋېلىنىدى.
89. كۈيشوغۇل تۇرمۇشىغا (قويۇلىدىغان) تونلۇق رەخت
ئۈچۈن
90. ئون بىر سىتىر، ئەلا سورتلۇق تورقۇغا
91. ئىككى سىتىر (جەمئىي) ئون ئۈچ سىتىر......
92. قولدا توقۇلغان تاۋارغا ئۈچ سىتىر بېرىلدى.
93. قىز ئېلىپ كەلگۈچى خېنىملارغا ئىككى
94. توق قىزىل تاۋار، ئالتۇن سىتىر بېرىلدى.
95. توي ئۈچۈن ئېلىنغان ئون قوينىڭ باھاسىغا يىگىرمە
96. سىتىر بېرىلدى. ئىشىككە باشلاپ كەلگۈچىگە
97. بىر توق قىزىل تاۋار ئېلىپ بەردۇق. توپلۇققا
سەرپ قىلىنغان
98. ئىككى ياستۇقنىڭ ئۆسۈمىنى يىگىرمە ئۈچ يىلدا
99. بېرىپتىمىز. قائىدە بويىچە (قەرزگە) ئالغان بىر ياستۇق
100. - نىڭ ئۆسۈمىنى ئون ئۈچ يىلدا بېرىپ بوپتىمىز.
101. بۇ ئۈچ ياستۇقنىڭ ئۆسۈمى ئۆزى بىلەن
102. (قوشۇلۇپ) ئون تۆت ياستۇق، قىرىق ئىككى سىتىر
103. كۈمۈش بېرىلدى.

IV

104. يىلان يىلى ئۈچىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى
105. ئىنانچى ئاپامنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزاتقاندىكى
106. خىراجەت خاتىرىسى: ئالىپ تۇرمىشنىڭ تۆت ئوغلى

107. سايانتىن يېرىم ياستۇقنى بەش ستىر
108. ئۆسۈمىگە ئالدۇق؛ توقۇزدىن ئون ئىككى
109. ستىر كۈمۈشنى بىر ئايدا ئۈچ باقىر
110. ئۆسۈمىگە ئالدۇق؛ ئۆگرۈنچىدىن سەككىز
111. ستىرنى (ئېيىغا) ئىككى باقىر ئۆسۈمىگە ئالدۇق.
112. چىڭۇزدىن يەتتە ستىر ئېلىندى. قائىدە بويىچە
113. سەككىز شىق ئاشلىقنى ئۆسۈم بىلەن قايتۇرىدىغانغا
ئۆتنە ئالدۇق. بىر
114. كۆپ ئۈزۈم ھارىقىنى سەككىز ستىر كۈمۈش بېرىشكە
115. ئەرۈكتىن ئالدۇق. سايانىڭ يېرىم
116. ياستۇقىغا ئۆسۈمى يىگىرمە ستىر بىلەن
117. قايتۇردۇق. توقۇزغا ئون ئىككى ستىر كۈمۈش
118. ـ نىڭ ئۆسۈمى ئالتە ستىر كۈمۈش بىلەن
119. قايتۇردۇق. ئۆگرۈنچىنىڭ سەككىز ستىر كۈمۈش
120. ـ نىڭ ئۆسۈمى (نى) سەككىز ستىر (كۈمۈش) بىلەن
قايتۇردۇق.
121. چىڭۇزتۇغا يەتتە ستىر قايتۇردۇق.
122. ئىنانچى ئاپامنىڭ ئۆلۈمىنى ئۈزاتقاندا، مەن
123. (قەرزگە) ئالغان كۈمۈشلەرنىڭ ئۆزى بىلەن ئۆسۈمىگە
124. بىر ياستۇق، قىرىق ئىككى ستىر (كۈمۈش)
قايتۇردۇق.

V

125. قوي يىلى ئونىنچى ئاينىڭ ئون بىرىنچى كۈنى ئورۇل
126. قۇردغا يەڭگەم ئۆلدى. ئۆلۈمىنى
127. ئۈزاتقاندىكى خىراجەت خاتىرىسى: بىر ياستۇقنى
128. باقىرادىن قەرز ئېلىپ ئىشلەتتۇق. قائىدە بويىچە
129. ئون شىق ئاشلىقنى چىڭۇزدىن ئۆسۈم بىلەن

قايتۇردىغانغا

130. ئالدۇق؛ ئۇدۇش توقىلدىن، ئىگىلامىش شىلادىن

131. ئون شىق ئاشلىقنى قائىدە بويىچە ئۇسۇم بىلەن قايتۇردىغانغا

132. ئالدۇق. ئىنانچى ئاپامنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتمىش ئۇچۇن

133. بۇ ئۇچىسىدىن قائىدە بويىچە ئۇسۇمى بىلەن قايتۇرۇشقا ئۆتنە ئىلىنغان

134. ئاشلىقلارنىڭ نەق مال ئۇسۇمى بىلەن پايدا

135. ئۇسۇمى قوشۇلۇپ يۈز شىق (مىڭ كۈرە) ئاشلىق

136. بولدى.

VI

137. ئۇرۇككە قوي يىلى سەككىزىنچى ئايدا

138. كىلىن كىردى. ئىككى ياستۇق ئوتتۇز بەش

139. ستىر كۇمۇش تويلۇق سىلىقنى بەردۇق. باش

140. تويلۇق(ئۇچۇن) ئىككى ستىرغا ئاق كىمخاب،

141. بىر ستىر قويما كۇمۇش بىلەن تاراشلانغان

142. كۆك ياقۇت، تاللانغان قاش تەييارلاندى.

143. چوڭ ـ كىچىك ئەگلىككە ئالتە باقىر بىرىلدى.

144. مۇتىۋەر ئەرلەر ۋە خانىملار ئۇچۇن ئۇچ پارچە ئاق

145. تاۋارنى ئالتە باقىرغا ئالدۇق. ئۇپا، خىنىلەرنى

146. ئۇچ باقىرغا قىيا(؟) كىچىك تارغاقنى، كۆك ياقۇتتىن ئالتىنى

147. ئالدۇق. غەلۋىر، بوخچىنى بەش باقىرغا ئالدۇق.

148. بىلەينى ئۇچ باقىرغا ئالدۇق. باش تويلۇق

149. ئۇچۇن بىرىلىدىغان قويغا بىر ستىر، بىر يىرىم باقىر

150. بەردىم. شەھەر قائىدىسى دەپ بىر ستىر

151. يېرىم باقىرغا قوي ئالدىم. كوچا دەرۋازىسىغا
152. قارىغۇچىغا بەش باقىرغا تورقۇ ئېلىپ بەردىم.
153. شەھەر دەرۋازىنىڭ ئەنىگە بەش باقىر
154. ـ غا تورقۇ (يىپەك رەخت) ئېلىپ بەردىم. قىزنى ئېلىپ
كەلگۈچى ئىككى
155. خېنىمغا ئىككى توق قىزىل تاۋارنى ئىككى سىتىر تۆت
156. باقىرغا ئېلىپ بەردۇق. ئىشىككە باشلاپ ئەكەلگۈچىگە
157. بىر سىتىر ئىككى باقىرغا توق قىزىل تاۋارنى ئېلىپ
158. بەردۇق. (قىزنى) ئالغىلى بارغۇچىغا بىر قوي
(بەردۇق) .
159. ئۈچراشقۇسىدىكى يېرىم قوي (بىلەن) ئالدىنقى
كۈنىدىكى بىر يېرىم
160. قوي، ئىككىنچى كۈنىدىكى ئىككى قوي (جەمئىي)
بەش
161. قوينى بەش سىتىر بەش باقىرغا ئالدۇق
162. سوقۇملۇق كالىنى تۆت سىتىر ئالتە
163. باقىرغا ئالدۇق. ئۈرۈككە، يەنە كۈيئوغۇل تۈرمىشكە
164. ھەم بىر سىتىر يەتتە باقىرغا قىزىل
165. كىمخاب، تۆت سىتىر ئۈچ باقىرغا گۈل چېكىلگەن
166. قىزىل تاۋار ئالدۇق. بىر سىتىر يەتتە
167. باقىرغا قولدا توقۇلغان سېرىق تاۋار، چوشۈنلۈغ(؟)
168. سەبىك(؟) ئالدۇق. سەككىز باقىرغا ئۈچ پارچە
169. بىنەپشەرەڭ شايى ئالدۇق. كېلىنگە ئېلىنغان
راھىبلىق تون،
170. تويلۇق، ئاش سۈيى، توي خىراجەتلىرى ئۈچ ياستۇق،
171. ئون ئۈچ سىتىر، بەش باقىر بولدى. ئىنانچى
172. ئاپامدىن تۇغۇلغان سەۋىنچ قۇردغا ئاتلىق قىز
173. بىلەن ئىلىق ئاتلىق قىزنىڭ ـ بۇ ئىككى قىز
174. ـ نىڭ تويلۇق سېلىقى سانغا كىرگۈزۈلمىدى. قالغان
175. ئىككى ئوغۇلنىڭ، ئۈچ قىزنىڭ ـ بۇ قىزلار ـ

176. نى ياتلىق قىلىپ، ئوغۇللارغا كېلىن ئېلىپ بەرگەندە
177. قىلىنغان خىراجەت ئۆيدىن يېتىشمىگەنلىكتىن،
178. ئۆسۈمگە، تەڭ نىسبەتتە قوشۇپ قايتۇردىغانغا قەرز
ئېلىپ، ئېغىر قەرزدار
179. بولۇپ، قەرزنى تۆلەپ تۈگىتەلمەي، ئۆسۈمى بىلەن تەڭ
نىسبەتلىك پايدىسى
180. كۆپىيىپ، جەمئىي ئون يەتتە ياستۇق ئون يەتتە
181. سىتىر بولدى. ئۈچ ئۆلۈم
182. ئۇزاتقاندىكى خىراجەت ئۆيدىن يەتمەي
183. ئۆسۈمگە، تەڭ نىسبەتلىك ئۆسۈملۈك قەرز ئېلىپ
قايتۇرۇپ
184. بولالماي، ئۆسۈمى، ئۆسۈملۈك پايدىسى قايتۇرۇلغىنى،
185. قايتۇرۇلمىغىنى بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي يەتتە
186. ياستۇق، قىرىق سىتىر بولدى.

VII

187. ئاتام باسا توقىل هايات ۋاقتىدا
188. بىر باقىرمۇ قەرز قويماستىن
189. تەكلىكنى، يەر - سۇنى ۋە ئۆي - ۋاقىنىڭ
190. هەممىسىنى قويۇپ تاگغۇتقا كەتكەندى. ئىككىنچى
191. يىلى سودا قىلىپ كۆچادىن يېرىم
192. ياستۇق قۇيما كۈمۈش، ئاتمىش
193. پارچە مالنى خالتا قىلىپ ئەۋەتتى. يەنە
194. باباقدىكى سامان ياپىغدىن
195. يەتتە پارچە يىپەكنى خالتا قىلىپ ئەۋەتتى. بۇددا
196. مۇرتىتى سۇمىتۇدىن بىر ياستۇق
197. قۇيما كۈمۈش ئەۋەتتى. ئۆزى
198. ئوغلىغا خوتۇن ئېلىپ بەرمىدى. قىزنى كۈيئوغۇلغا
199. بەرمىدى. مەن تاماق ئاكامنىڭ مىلە -
200. غا قىز ئالدىم.

# «كىرىم خاتىرىسى» توغرىسىدا تەتقىقات

بۇ ئىككى پارچە «كىرىم خاتىرىسى» ياپونىيىنىڭ ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان «ئەدەبىيات فاكۇلتېتى مۇھىم خاتىرىلىرى» ناملىق مەجمۇئەنىڭ 31 ـ، 32 ـ سانلىرى (قوشما سانى) دا 1991 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئېلان قىلىنغان (بۇ مەجمۇئەدە يەنە «مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججىتى» مۇ بار).

بۇ «خاتىرە» نىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا ئۇ ئەينى دەۋردە، يەنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە پۈتۈلگەن خاتىرە بولۇپ، ئاساسلىقى ئىبادەتخانىلارغا قاراشلىق ۋەخپە يەرلەردىن يىغىۋېلىنىدىغان ئىجارە ھەققىگە تاپشۇرۇلىدىغان ئاشلىق (بۇغداي، قوناق، تېرىق قاتارلىق) لارنىڭ كىرىم خاتىرىسىدىن ئىبارەت.

«خاتىرە» دە تىلغا ئېلىنغان قوچۇ، ياڭقىر، تۇراسۇزاق، ئۇلۇغ كۆل...... قاتارلىق يەر ـ جاي ناملىرىدىن قارىغاندا، ئەينى دەۋردە مەيلى بۇددا ئىبادەتخانىلىرى بولسۇن ياكى مانىستانلار بولسۇن، دىنىي ئورۇنلارغا بېرىلگەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىمكانىيەتلەرنىڭ كەڭرى بولغانلىقىنى چۈشىنىش مۇمكىن. چۈنكى مۇشۇ قىسقىغىنا ئىككى پارچە «كىرىم خاتىرىسى» دە كۆپلىگەن جايلاردا ئىبادەتخانىلارنىڭ ۋەخپە تېرىلغۇ يەرلىرى بولغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ھۆكۈمران تەبىقىدىن قالسىلا دىنىي تەبىقىدىكىلەر مۇھىم مەۋقەگە ئىگە ئىدى. دىنىي تەبىقىدىكىلەر بەزىدە سوت

ئىشلىرىغا، دىپلوماتىيە ئالاقە ئىشلىرىغا ھەم ئىشتىراك قىلىشاتتى. شۇ سەۋەبلىكمۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە دىنىي ئىشلارغا ئالاھىدە ئىمتىياز بېرىلگەنىدى. ئىبادەتخانىلارنىڭ شۇنچىۋالا نۇرغۇن ۋەخپە قىلىنغان يەرلەردىن ئىجارە ھەققى يىغىشقا مۇۋەپپەق بولۇشى ئەنە شۇ پىكرىمىزگە دەلىل بولالايدۇ.

«كىرىم خاتىرىسى» نىڭ باش - ئاخىرى قىسمەن ئۆكسۈك بولسىمۇ، شۇنىڭدەك قۇرلاردىكى سۆز - جۈملىلەرنىڭ زېدىلىنىشى بىر قەدەر ئېغىر بولسىمۇ، «خاتىرە» تېكىستىدە ساقلىنىپ قالغان قىسمىدىكى مەزمۇنلاردىن بىز يەنىلا بەلگىلىك مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيمىز.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە يارىتىلغان مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىشتا، ئەڭ مۇھىمى بىرىنچى قول ماتېرىيالغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداقلا ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋەسىقىلەر، پۇقرالار ئارىسىدىكى ئېلىم - بېرىم تىلخەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مەزكۇر «خاتىرە» مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىدىقۇتشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى يولداشلارنىڭ مۇشۇنداق بىرىنچى قول ماتېرىياللارغا بولغان ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ «خاتىرە» نى قوربىمىزنىڭ يېتىشىچە نەشرگە تەييارلىدۇق. كەسپداشلارنىڭ تەنقىدىي پايدىلىنىشىنى سورايمەن.

# «كىرىم خاتىرىسى» (1 ـ خاتىرە) نىڭ ترانسكرىپسىيىسى

قۇر نومۇرى:

1. ......... نىڭ ئالتى(سىغ)
2. (تارىغ) كىردى...... نىڭ (ئو)ن سىغ
3. تارىغ ك(ر) دى. ئالتمىشاق(نە) (لڭ) (ب) ـر يگرمى
4. سىغ بىش كۆر (ى)...... تارىغ كە(ر)دى. ياڭى
5. قىرى مانىسـ(تـ)اننىڭ ياقا ت(ا)رىغتا قاز ـ
6. چىسى ئۆچ سىغ بىش كۆرى تارىغ بىرتى.
7. (ق) ۇمارنىڭ ...... يگرمى سىغ يىتى كۆر(ى)
8. (ت) ار (د) غ كە(ر)دى...... ئالتمشاقنىڭ تۆرت
9. (سىغ) تارىغ (كە)ر(دى). ...... قۇتادمشە(نىڭ)
10. ...... سىغ (بە)ش (كۆرى) (تا) رىغ
كىرد(ى)......
11. (ت)وتوقنىڭ يىتمە(ش)
(شىغ)......
12. تارىغ كىردى. قانتۇرۇ
(ىڭ)......
13. كە(ر)د(ى). ياڭى قىرى مە(از) ـ
(سىنا) نقى......
14. ......... كىردى. ......تاقى
15. يىر (ئۆ)چ (شە) غ تارىغ كىردى. چاتى

16. ……… (كۆز)ى ت(ا)رىغ بىردى. يانا……؟
17. • …… كۆزى بىردى……… بىر شىغ (بە) ش
18. (كۆزى) …… ئۆتۆرمىش بىش شىغ (ت) (ارىغ)
19. …… ئىكى شىغ بىر كۆ(زى)
20. ………… (ئۆ) چ شىغ ئىكى (كۆزى)……

(ئاخىرى ئۆكسۆك)

# «كىرىم خاتىرىسى» (1 ـ) نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى

**قۇر نومۇرى**

1. ......... نىڭ ئالتى (دادەن)
2. ......... (ئاشلىق) كىردى. ...... نىڭ ئون دادەن
3. ئاشلىق كىردى. ئالتمىشاقىنىڭ[1] ئونبىر
4. دادەن بەش كۆرى ......... ئاشلىق كىردى. ياڭى
5. قىرى[2] مانىستانىنىڭ ئىجارىكەش دېھقانلىرىدىن بىر
6. قانچىسى ئۈچ دادەن بەش كۆرى ئاشلىق بەردى.
7. قۇمارۇ[3] نىڭ ......... يىگىرمە دادەن يەتتە كۆرى
8. ئاشلىق كىردى. ......... ئالتمىشاقىنىڭ تۆرت
9. كۆرى ئاشلىق كىردى. ............ قۇتادمىشنىڭ[4]
10. ...... دادەن بەش كۆرى ئاشلىق كىردى. .........
11. تۇتۇقنىڭ يەتمىش دادەن
12. ئاشلىق كىردى. قانتۇرنىڭ[5]......

---

① يەر ئىسمى.
② ياڭىقىرى ـ ياڭخې يېزىسىنىڭ قەدىمكى ئاتىلىشى بولۇشى مۇمكىن.
③ كىشى ئىسمى.
④ كىشى ئىسمى.
⑤ يەر ـ جاي نامى.

13. كىردى. ياڭىقىر مانىستانىدىكى[①]......
14. ...... كىردى. ...... دىكى
15. يەر(دىن) ئۈچ دادەن ئاشلىق كىردى. چاتى (؟)
16. ...... كۆرى ئاشلىق بەردى. يانا ...... ؟
17. ...... كۆرى بەردى. ...... بىر دادەن بەش
18. كۆرى ...... ئۆتتۇرمىش[②]بەش دادەن ئاشلىق
19. ...... ئىككى دادەن بىر كۆرى
20. ...... ئۈچ دادەن ئىككى كۆرى ......

(ئاخىرى ئۆكسۈك)

---

① مانى ئىبادەتخانىسى، ئىبادەتخانا مەنىسىدە.
② ئادەم ئىسمى. (؟)

# «كىرىم خاتىرىسى» (2 ـ خاتىرە) نىڭ ترانسكرىپسىيىسى

قۇر نومۇرى:

1. ............ (ي)اگە (ھ)ا. قو(چۇ) باشلاپ ئۆگدىن
(كىـ)نبالە (ھ)لار
2. ......... (يا) قالار تارىغ (ئۇئۇر) ......... ن
بىتە ـمىز. ......... (تا) قى
3. ......... داقى ............؟............ بىر ياقاسى (بە)......
4. ......... بۇ قاپچىتاقى بىر ياقاسى ئىكى شىغ بىش (كۇرى)
(ت)ارىغ
5. ......... بىرنىڭ ياقاسى (ئو)ن شـ(غ)............
6. ............ تاقى بىر ياقاسى سەكىز يگرمى شىغ
تار(غ).........
7. ......... (ئا)لتى يگرمى شىغ ت(ا)رىغ، ئۈچ يگرمى
شىغ.........
8. ......... (شـ)غ تارىغ، ئون شىغ ئۇئۇر ئۆتۈكەن.........
9. ......... (شـ)غ ئۇئۇر ئۇتمىش قوشترتا .........
سەلتە.........
10. ......... شىغ تارىغ، قاۋشۇر(مـ)ش ......
شاخانلارت(ا).........
11. ......... بىر (شىغ) بىشكۇرى تارىغ ئاسىغ......

(ته) پىز.........

12. ......... تۆراسۆزاق ياقاسى يىتى يگرمى شىغ تارىغ.........

13. ............بايىق........؟...............؟.........
دەكى ......... يا(قاسى؟)......

14. ............ ياقاسى تۆرت شىغ تارىغ بىش شىغ.........

15. ......... شىغ تارىغ. ئىكى شىغ ئۆئۆز(ر).........

16. ......... (شىـ)غ ئۆئۆر قوگۆزتا. ئۆلۆغ كۆلنۆك...... ئۆئۆر

17. ......... (شىـ)غ ئۆئۆر تازتا. ئا(ل)تى شىغ ئۆئۆر شابىتا......

18. ......... ي(ىر) ياقاسى ئىكى شىـ(غ) (ئۆ)ئۆر ئالىپ ئوغۆلتا............ تا(قى) يىر

19. ......... تا...... ت(اقى) يىر ياقاسى (ب)ىر شىغ ئۆئۆر.........قا يۆگلاغىن......

20. ......... (م)ا(نى)ستانتاقى يىر ياقاسى توقۆز شىـ(غ) (ئا)لتى كۆرى تارىغ

21. ............ (ئۆ)ئۆ(ر)(ي)اقالاردىن كىرمىشىن كۆرۆپ كىگۆ(رە) قىلغۆ ئول.

22. ......... (ئۆ)چ شىغ ئۆئۆر قانتۆر ئوغۆلىنتا ...... نۆك......

23. ...... بۆغداي بولتى. يۆز ي(ىت)مى ئوتۆز شىغ بىر كۆرى.

24. ......... (ئۆئۆر)(ت)وقۆز ئون ئۆچ شىـ(غ)(تۆ)ر(ت) كۆرى.

# «كىرىم خاتىرىسى» (2 ـ) نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى

**قۇر نومۇرى:**

1. ......... كۈنى. قوچۇدىن باشلاپ شەرق ۋە غەربتىكى شەھەرلەردىن
2. ...... ئىجارە (ھەققى) ئۈچۈن تاپشۇرۇلىدىغان ئاشلىق زىرائەتلەرنى خاتىرىلىدۇق. ......... دىكى
3. ...... دىكى ...........؟ يەرنىڭ ئىجارىسى (بە)..........
4. ...... بۇقاپچىدىكى[①] يەرنىڭ ئىجارە ھەققى ئىككى دادەن[②] بەش كۈرى[③] ئاشلىق
5. ...... يەرنىڭ ئىجارە ھەققى ئون دادەن .........
6. ...... دىكى يەرنىڭ ئىجارە ھەققى 18 دادەن ئاشلىق .........
7. ...... 16 دادەن ئاشلىق، 13 دادەن............
8. ...... دادەن ئاشلىق ئۆتۈكەن (؟)...............
9. ...... دادەن تېرىق، ئۈزتمىش قوشتىردا[④]... سەلىدە[⑤].........
10. ......... دادەن ئاشلىق يىغىلىپتۇ.......... شاخانلاردا (؟).........

---

① بۇقاپچى — يەر ئىسمى.
② دادەن — ئاشلىق ئۆلچەم بىرلىكى ئاتالغۇسى.
③ كۈرى — ئاشلىق ئۆلچەم بىرلىكى ئاتالغۇسى، بىر كۈرى 40 جىڭ ئەتراپىدا، بىر دادەن ئاشلىق 400 جىڭ ئەتراپىدا بولىدۇ.
④ ئۈزتمىش قوشتىر — كىشى ئىسمى.
⑤ سەلى — كىشى ئىسمى.

11. ...... بىر دادەن بەش كۆرى ئاشلىق پايدا ......
بىنەملىك......
12. ...... تـۇراسۇزاق ...... دىكى ① ئىجارە ھەققى...
13. ......... بايىق (؟) ..............دىكى ............... ئىجارە
ھەققى .........
14. ...... ئىجارە ھەققى تۆت دادەن ئاساسىي ئاشلىق،
بەش دادەن.........
15. ......... ؟ دادەن ئاساسىي ئاشلىق، ئىككى دادەن
تېرىق.........
16. ......... ؟ دادەن تېرىق قوڭۇز ـ تا(؟). ئۈلۈغ
كۆلنىڭ② ......... تېرىق.
17. ......... دادەن تـېرىق تـازدا. ئالتى دادەن تېرىق
شابىدا.........
18. ......... يـەرنىڭ ئىجارە ھەققى ئىككى دادەن تېرىق. ئالب
ئوغۇلدا...... دىكى يەر
19. ........... دىكى يەر ئىجارە ھەققى بىر دادەن
تېرىق ........ غا كېرەكلىك .........
20. ......... مانىستاندىكى يەرنىڭ ئىجارە ھەققى توققۇز دادەن
ئالتى كۆرى ئاشلىق
21. ......... تېرىق ئىجارە ھەقلىرىنىڭ كىرىم قىلىنىشى
كۆزدىن كەچۈرۈلۈپ كىرىم خاتىرىسىگە ئېلىندى.
22. ......... ئۈچ دادەن تېرىق قانتۇر ئوغلىدا...... نىڭ ......
23. ........ بۇغداي 127 دادەن بىر كۆرى
24. ........... تېرىق 93 دادەن تۆرت كۆرى بولدى.

---

① تۇرا سۇزاق — تۇركەنت، تۇر مەھەللە دېگەن مەنىلەردە. يىچان سۇ بېشى بىلەن لەمجىنىڭ ئارىلىقىدا تۇر مەھەللە (يوغان تۇر ياكى تۇركارىز) دېگەن كەنت بار.
② ئۈلۈغ كۆل — يەر ـ جاي نامى، بۇ جاي سىڭگىم يېزىسىنىڭ غەربىگىرەك، يالقۇنتاغنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. ھازىرمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

## «ھەر خىل ئالۋاڭ - ياساقلارنى تاپشۇرۇش خېتى» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى

قۇر نومۇرى:

1. بۇ - ساچى
2. بۇيرۇق بەگى بولمىش
3. - تە بىرمىشىم ئۆگۈ
4. - كە ئىكى بادمان مىن① ب(يانا)
5. ئىكى بادمان ئەت② تۇكى
6. ئىكى بادمان بىر بوغوز(لىغ)
7. ئات بىر كۆرى بورسۇ③(بىر)
8. تاپىغ - چى④ ئوتۇڭ
9. ئۆكتۈش ئۆندە بىر
10. تاپىغ - چى بىس باغ
11. ئوت بىر تىڭچەن باغ
12. ئۈچ باغ ئوتۇڭ ئۆندە
13. تەمىر ئىلچىكە
14. يارىم بۆز ب لۇك -(چۇڭ)
15. لۇگ باغشى - قا يارىم بۆز

---

① مىن — ئۇن.
② ئەت — گۆش.
③ بورسۇ — پۇرچاق.
④ تابىغچى — ئىشلەمچى، مالاي.

16. ب يانا يارىم بۆز تۇرپا
17. ـ لىغ ـ قا ب سىچىغان چى ـ نىڭ
18. يۇمشاق بۆز ـ كە بىر بۆز
19. ب سىچغان ـ چى ئۆز (ئىگە)
20. ئۇلاغ ـ قا ئىكى......
21. قاي ساغىغ ـ قا ئىكى
22. بۆز ب يازمىش
23. كەز ـ ئىك ـ تە[1]ئۈچ بادمان
24. ئەت ئۈچ بادمان تۇكى
25. مىن ب بىر تابىغ بور
26. بىر تىڭچان[2]ياغ ب
27. ئوتچى بۇيرۇق بەگى
28. بولمىش ـ قا بىرمىشىم
29. كەز ـ ئىك تە ئىكى بادمان
30. مىن ب ئىكى بادمان
31. ئەت ...... ئەگتەچىن غۇ...
32. ـ قا بىر تاپىغ ـ چى
33. يانا سىسىر ئەۋ[3]ـ ئىگە
34. بىر بادمان ئەت ب
35. يانا يىنى قارى بۆز
36. لۇكچۇڭ ـ لۇگ ـ كەب
37. چاڭىر تايسى[4]ئەۋ (ئىگە)

---

① كەزىكتە — نۆۋەتتە، رەت بويىچە، تەرتىپ بويىچە.

② تىڭچان — لى جىڭۋي ئەپەندى بۇ سۆزنى خەنزۇ تىلىدىكى «灯盏» دىن كەلگەن دەپ قارايدۇ.

③ ئەۋ — ئۆي، چېدىر.

④ تايىشى — ھەزرەت، پىر، ئۇستاز.

38. بىتكەچى[①]- لەر - (كە بىر)
39. قوي(ى)ن - قا بىر (يارىم)
40. بوز ...... قاي......

# «ھەر خىل ئالۋاڭ - ياساقلارنى تاپشۇرۇش خېتى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى

قۇر نومۇرى:

1. بۇ ساچى
2. بۇيرۇق بېگى بولغان
3. چاغدا، مەن تولىگەن ھەر خىل سېلىقلار تۆۋەندىكىچە: ئۆتكۈ
4. گە ئىككى بادمان ئۇن (يەنە)
5. ئىككى بادمان ئەت بىلەن
6. ئىككى بادمان يۇڭ، بىر سويۇلىدىغان
7. ئات، بىر كۆرى پۇرچاق، (بىر)
8. ئىشلەمچى، ئوتۇن
9. ياردىغان بىر
10. ئىشلەمچى، بەش باغ
11. ئوت، بىر چىراقلىق ياغ،

---

① بىتكەچى — يازغۇچى، كاتىپ.

12. ئۆچ باغ ئوتۇن بەردىم.
13. تەمىر ئىلچىگە
14. يېرىم بۆز، لۇك(چۈك)
15. لۇك باخشىغا يېرىم بۆز،
16. يەنە تۆرپالىققا يېرىم بۆز بەردىم.
17. سىچغانچىغا
18. يۇمشاق بۆز - كە ئىشلىتىدىغان بىر بۆز
19. بەردىم. سىچىغانچىنىڭ ئۆزىگە
20. ئىككى ئۇلاغ......
21. قاي ساغىغقا ئىككى
22. بۆز بەردىم. ئارقىدىنلا
23. نۆۋەت بىلەن ئۆچ بادمان
24. ئەت - ئۆچ بادمان يۇك بىلەن
25. ئۇنى بەردىم. بىر تابىغ بور
26. بىر چىراغلىق ياغ بەردىم.
27. ئوتچى بۇيرۇق بېگى
28. بولغان چاغدا، تولىگەن ھەر خىل سېلىقلار تۆۋەندىكىچە:
29. تەرتىپ بويىچە ئىككى بادمان
30. ئون ئىككى بادمان
31. ئەت بەردىم. ئەكتەچىن غۇ......
32. غا بىر ئىشلەمچى بەردىم.
33. يەنە سىسىر ئائىلىسىگە
34. بىر بادمان ئەت بەردىم.
35. يەنە يەتتە قارى بۆزنى
36. لۇكچۇنلۇككە بەردىم.
37. چاگىر ھەزرەت ئائىلىسىگە
38. پۇتۇكچىلەر (گە بىر)
39. قوي، بىر (يېرىم)
40. بۆز بەردىم. قاي ......

# «ئۆز ئوغلىنى گۆرۈگە قويۇش ھەققىدىكى تىلخەت» توغرىسىدا تەتقىقات

بۇ تىلخەتنى 1898 - يىلى پېتېربۇرگ خانلىق ئاكادېمىيىسى تۇرپان رايونىغا ئەۋەتكەن ئېكسپېدىتسىيىچىلەر تاپقان، رادلوف شۇ قېتىمدا تېپىلغان يازما يادىكارلىقلارنى رەتلەپ، تەتقىق قىلىپ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلار» دېگەن ئەسەرنى نەشر قىلدۇرغان. مەزكۇر تىلخەت شۇ ئەسەرنىڭ 100 - 101 - بەتلىرىدە 57 - نومۇر بىلەن ئېلان قىلىنغان. رادلوف ئۇنى ترانسكرىپسىيىلەشتۈرگەن ھەمدە نېمىسچە تەرجىمىسىنى قوشۇپ بەرگەن.

بۇ تىلخەت گەرچە 12 قۇر خەت بار قىسقا يازما يادىكارلىق بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىلمىي قىممىتى خېلى يۇقىرى، چۈنكى ئۇنىڭدىن ئۆز ئوغلىنى گۆرۈگە قويۇپ، پۇل قەرز ئېلىشتەك تارىخىي، ئىجتىمائىي ھادىسىنى چۈشىنىشكە ئىمكان تاپىمىز. ئىلگىرى بىز ئۇچراتقان قەدىمكى يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە، قۇل ئېلىپ - سېتىش، قۇلنى ئەركىنلىككە چىقىرىش، پاختا، بۆز، ئۈزۈم شارابى ۋە كۈنجۈت قاتارلىق نەرسىلەرنى قەرزگە ئېلىش، يەرنى، ئۈزۈملۈك باغنى ئىجارىگە بېرىش ياكى سېتىش ھەققىدىكى مەزمۇنلار كۆپرەك ئۇچرايتتى. بىز مۇشۇ ھۆججەت ۋەسىقىلەردىكى مەزمۇنلار ئاساسىدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى چۈشىنىپ كەلگەن. مەزكۇر تىلخەت بىزنىڭ ئىدىقۇتنىڭ تارىخىي ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشىنىشىمىزدە مۇھىم بىر مەنبە ھېسابلىنىدۇ.

# «ئۆز ئوغلىنى گۆرۈگە قويۇش ھەققىدىكى تىلخەت» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى

قۇر نومۇرى:

1. (كۈسكۈ يىل ئىكىنتى ئاي سەكىز ئوت) ۈزقا ماڭا كەدىرەكە يوڭلاغلىق
2. (كۈمۈش كەرگەك بولۇپ ئۆ)زۈمتە توغمىش بۈلمىش ئاتلىغ تويىن ئوغلۈمنى يىگەن قارا
3. (تۆتۆق كۆم) ۈشكە قامبۈقدۈ تۆتۆڭغا يارىم ياستۆق كۈمۈشكە تۆتۆق
4. (بىرتىم) بۈ تۆتۆق كۈمۈشۈگ تۆتۆق بىرمىش كۈن سوڭ مەن كەدىرە بىش
5. (ئوتۆز) ـ (ا) تىر يارماق كۈمۈش ساناپ ئالتىم. مەن قامبۈقدۈ تۆتۆڭ بىرتىم. بۈ
6. بۈلمىشقا قامبۈقدۈ تۆتۆڭ ئەركلىگ بولزۈن. مەن قامبۈقدۈ تۆتۆڭ بىرتكە
7. بۈرسار بۈلمىشقا تون ئەتۆك ئاياق باس بىرمەزمەن، ئەۋتەگ يوغۈن ئىش
8. ئىشلەتسەر مەن ئىلىنىڭ تۆتۆق ياڭىچا بىرۈرمەن قالمىش تۈرۈسى يەكى
9. تۆتۆڭ ياڭىنچا بولزۈن تانۇق ئاقبىرا تانۇق قاتقاي بۈ تامغا مەن كەدىرەنىڭ ئول
10. كۈسكۈ يىل ئىكىنتى ئاي سەكىز ئوتۆزقا مەن كەدىرە

قامبۇقدۇ تۇتۇگغا

11. تۇتۇڭ بىرمىش بۇلمىش ئاتلىغ ئوغۇلۇمنىڭ بىش ئوتۇز ساتىر كۈمۈشنى تۇكەل ئالتىم. تانۇق

12. مەن قارىمدۇ تۇتۇڭ كەدىرەكە ئايىتىپ بىتتىم، بۇ تامغا مەن كەدىرەنىڭ ئول.

# «ئۆز ئوغلىنى گۆرۈگە قويۇش ھەققىدىكى تىلخەت» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى

قۇر نومۇرى:

1. چاشقان يىلى 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، مەنكى
كەدىرەگە خىراجەت ئۈچۈن
2. كۈمۈش لازىم بولۇپ، ئۆزۈمدىن تۇغۇلغان بۇلمىش
ئاتلىق راھىب ئوغلۇمنى يىگەن قارانىڭ
3. گۆرۈگە قويغان كۈمۈشىنى قايتۇرماق بولۇپ،
قامبۇقدۇ تۇتۇڭغا يىرىم ياستۇق[1] كۈمۈشكە گۆرۈگە
4. تۇتۇپ بەردىم. بۇ گۆرۈ ھېسابىغا، گۆرۈ قويغان
كۈنىنىڭ ئەتىسى مەن كەدىرە
5. يىگىرمە بەش ساتىر بارماق كۈمۈش ساناپ
ئالدىم؛ مەن قامبۇقدۇ تۇتۇڭ تۈگەل ساناپ بەردىم. بۇ
6. بۇلمىشقا قامبۇقدۇ تۇتۇڭ ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ.
ئەگەر مەن قامبۇقدۇ تۇتۇڭ باجنى ئۈستۈمگە ئالسام،

---

① ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا ئالتۇن ياستۇق، كۈمۈش ياستۇق، ساتىر، باقىر قاتارلىق قۇيما ۋە پارچە ئالتۇن - كۈمۈش پۇل نامى، ئاتالغۇلىرى بولغان. بىر ئالتۇن ياستۇق 2274 گرام بولۇپ، كۈمۈش ياستۇقنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ئوندىن بىرىگە، يەنى 22.74 گرام قىممىتىدە بولغان. شۇنداق بولغاندا يىرىم ياستۇق كۈمۈش 37.11 گرام قىممىتىدە بولىدۇ. بىر كۈمۈش ياستۇق 50 ساتىر، بىر ساتىر 100 باقىر ھېسابلىناتتى. 1.5 ساتىرغا بىر قوي ئالماشتۇرۇلاتتى.

7. ئۇ ھالدا بۇلمىشقا كىيىم ـ كىچەك بەرمەيمەن؛ ناۋادا
ئۇنى ئۇيىنىڭ ئىغىر ئىشلىرىغا

8. سالسام، ئەلنىڭ گۇرۇ ـ تۇتۇق قائىدىسى بويىچە
تەمىنلەيمەن، كونا ئادەتچە ـ

9. گۇرۇ ـ تۇتۇق قائىدىسى بويىچە بولغاي، گۇۋاھچى
ئاقىرا، گۇۋاھچى قاتقاي، بۇ تامغا مەن كەدىرەنىڭ

10. چاشقان يىلى ئىككىنچى ئاينىڭ 28 ـ كۈنى مەن
كەدىرە قامبۇقدۇ تۇتۇ كُغا

11. گۇرۇ ـ تۇتۇ كُغا بەرگەن بۇلمىش ئاتلىق ئوغلۇم
ھىسابىغا بىرىلگەن 25 ساتىر كۇمۇشنى تۇگەل ساناپ
ئالدىم. گۇۋاھچى

12. مەن قارىمدۇ تۇتۇڭ كەدىرەنىڭ ئىيتىپ بىرىشىگە
ئاساسەن يازدىم. بۇ تامغا مەن كەدىرەنىڭ.

# «ئايال كىشىنى ساتقانلىق ھەققىدىكى تىلخەت» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى

قۇر نومۇرى:

1. بىچىن يىل چاقسا پۇت ئاي ئىكى ياگد -
2. ڭا ماڭا تەدمىلىگ قارا بۇقا
3. ئىكەگۈكە قاچىلىق كەرگەك بولۇپ
4. قۇتلۇغ ئاتلىغ قاتۇن كىشىنى ساتىپ
5. قۇتلۇغ تەمۈرتىن يۈز ئەلىگ قالىن بۆز
6. ئالتىمىز بۇ يۈز ئەلىگ بۆزنى
7. ساتىغ قىلمىش كۈن ئۈزەبىز
8. تەدمىلىگ قارا بۇقا ئىكەگۈ تۇكەل
9. ساناپ ئالتىمىز مەن قۇتلۇغ تەمۈر
10. يەمە تۇكەل ساناپ بىرتىم بۇ قۇتلۇغ
11. ئاتلىغ قاتۇن كىشىكە مىڭ يىل
12. تۈمەن كۈنكە تەگى قۇتلۇغ تەمۈر ئەركلىگ
13. بولزۇن تاپلاسا ئۆزى تۇتزۇن
14. تاپلاماسا ئادىن كىشىكە ساتزۇن
15. بىز تەدمىلىگ قار(ا) بۇقا ئىكەگۈ
16. - نۇڭ ئاغامىز ئىنىمىز ئۇنلۇغۇمۇز
17. يۈزلۈگۈمۈز كىمچە كىمە بولۇپ
18. چام چارىم قىلمازۇن ئەركلىگ بەگ
19. ئىشى ئىلچى يالاۋاچ كۈچىن تۇتۇپ

20. چاملاسارلار يۆلايىن ئالايىن تىسەر
21. - لەر بۆ قۆتلۆغ تەگ ئىكى كىشى ياراتۆ
22. بىرىپ سۆزلەرى يورىمازۆن چاملاغۆچى
23. كىشى كۆ قورلۆغ بولزۆن قۆتلۆغ تەمۆر
24. قورسىز بولزۆن تانۆق تۆردۆنە تانۆق
25. تۆرۆر مۆكسۆز تانۆق تورچى تانۆق تويىن
26. بۆ نىشان بىز تەدمىلىگ قارا بۆقا ئىكەگۆ
27. - نىڭ ئول، مەن تۆكما ياخشى تەدمىلىگ
28. قارا بۆقا ئىكەگۆكە ئىنچىكە ئايتىپ بىتتىم.
29. بۆ نىشان مەن تانۆق تۆرەدۆنىڭ ئول
30. بۆ نىشان مەن تانۆق مۆكسۆزنىڭ ئول
31. بۆ نىشان مەن تانۆق تورچىنىڭ ئول
32. بۆ نىشان مەن تانۆق تويىننىڭ ئول
33. قۆتلۆغ نۆك
34. باش بىتىگى ئول

# «ئايال كىشىنى ساتقانلىق ھەققىدىكى تىلخەت» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى

قۇر نومۇرى:

1. مايمۇن يىلى 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى
2. مەنكى تەدمىلىگ ھەم قارا بۇقا
3. ئىككىمىزگە خىراجەت كېرەك بولۇپ،
4. قۇتلۇغ ئاتلىق ئايال كىشىنى سېتىپ،
5. قۇتلۇغ تۇمۇردىن يۈز ئەللىك يىرمىك بۆز
6. ئالدۇق. بۇ يۈز ئەللىك بۆزنى
7. سودا قىلغان كۈنى بىز
8. تەدمىلىگ، قارا بۇقا ئىككىمىز تۈگەل
9. ساناپ ئالدۇق. مەن قۇتلۇغ تۆمۈرمۇ
10. تۈگەل ساناپ بەردىم. بۇ قۇتلۇغ
11. ئاتلىق ئايال كىشىگە مەڭگۈگە
12. قۇتلۇغ تۆمۈر ھوقۇقلۇق
13. بولسۇن، خاھلىسا ئۆزى تۇتسۇن،
14. خاھلىمىسا باشقا كىشىگە ساتسۇن.
15. بىز ـ تەدمىلىگ، قارا بۇقا ئىككىمىزنىڭ
16. ئاغا ـ ئىنىلىرىمىز، ئۇرۇق ـ
17. تۇغقانلىرىمىزدىن ھېچكىم
18. جېدەل ـ غەۋغا قىلمايدۇ؛ ھوقۇقلۇق بەگ

19. ئەمەلدارلارنىڭ ئاياللىرى ئارقىلىق ياكى ئەلچىلەر
ئىمتىيازىغا تايىنىپ
20. جېدەل ـ غەۋغاقىلىپ ئىلىپ كېتىمەن دېگۈچىلەر بولسا،
21. مۇشۇ قۇتلۇغتەك ئىككى ئايالنى ئۇستەكلەپ
22. بەرگەندىن تاشقىرى سۆزلىرى ئىناۋەتسىز بولغاي،
جېدەل
23. قىلغۇچى زىيان تارتقاي، قۇتلۇغ تۆمۈر
24 زىيانسىز بولغاي، گۇۋاھچى تۆرەدۇ، گۇۋاھچى
25. تۇردۇر مۇڭسۇز. گۇۋاھچى تورچى، گۇۋاچى تويىن
26. بۇ ئىمزا بىز ـ تەدمىلىگ بىلەن قارا بۇقا
ئىككىمىز ـ
27. نىگدۇر. مەن توڭما باختشى تەدمىلىگ بىلەن
28. قارا بۇقا ئىككىسىگە تەپسىلىي ئېيتقۇزۇپ پۈتتۈم
29. بۇ ئىمزا مەن گۇۋاھچى تۆرەدۇنىڭ
30. بۇ ئىمزا مەن گۇۋاھچى مۇڭسۇزنىڭ
31. بۇ ئىمزا مەن گۇۋاھچى تورچىنىڭ
32. بۇ ئىمزا مەن گۇۋاھچى تويىنىنىڭ
33. بۇ، قۇتلۇغنىڭ
34. باش پۈتۈگى (ئاساسلىق تىلختى).

# «پۇل قەرز ئېلىش ھۆججىتىنى تولۇقلاش بىتىگى» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى

قۇر نومۇرى:

1. ئىت يىل ئىكىنتى ئاي توقۇز ياڭىقا مەن
2. قانتۇرمىش توغ (ر) ىل كەدىرەكە بىرمىش
ئاسىغلىغ[①]
3. بىش ىس (ا) تىر كۈمۈشۈگ تۆكەل ئالتىم ئۆڭ
4. بىتىگى يوق بولمىشقا بۆچۈك[②] بىتىگ
5. بىرتىم: كىن ئۆگتۈن[③] ئانىڭ بىتىگى
6. ئۆنسەر: يورىمە (ا) زۇن بۆچۈك بولزۇن:
7. تانۇق[④] يەكە باش تانۇق بۇرچۇي
8. بۆ ت (ا) مىغا مەن قانتۇرمىش توغ (ر) ىلىنىڭ ئۇل

---

① ئاسىغلىغ — پايدىلىق، مەنپەئەتلىك، نەتىجىلىك دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، بۇ يەردە «ئۆسۈم» مەنىسىدە كەلگەن.

② بۆچۈك — بۇ سۆزنى لى جىڭۋېي ئەپەندى خەنزۇچىدىكى «补充» دىن كەلگەن دەپ تونۇيدۇ.

③ ئۆگتۈن — ئالدى.

④ تانۇق — گۇۋاھچى، گۇۋاھ، شاھىت، ئىسپات.

# «پۇل قەرز ئېلىش ھۆججىتىنى تولۇقلاش بىتىگى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى

قۇر نومۇرى:

1. ئىت يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى مەن
2. قانتۇرمىش توغ(ر) ىل كەدىرەگە بەرگەن ئۆسۈملۈك
3. بەش سى (ا) تىر كۈمۈشنىڭ ھەممىسىنى ئالدىم.
ئۆنىڭ
4. بىتىگى يوقاپ كەتكەچكە، تولۇقلىما بىتىگ
5. بەردىم: كېيىن ئۆنىڭ ئاۋۋالقى بىتىگى
6. چىقىپ قالسا ئىناۋەتسىز بولسۇن، مۇشۇ تولۇقلىما
بىتىگ (ئىناۋەتلىك) بولسۇن.
7. گۇۋاھچى بەكە باش گۇۋاھچى بۇرچۇي
8. بۇ د(ا) مغا مەن قانتۇرمىش تۇغ(ر) ىلنىڭ

# «ئىشقا تەيىنلەش خېتى» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى

قۇر نومۇرى:

1. توگۇز يىل ئۈچۈنچى ئاي بىر ئو (تۇز ـ قا)
2. ـ (ا) سما د (ا) ر ـ لار ـ نىڭ بىر يول ئاتىن①
3. تاياقى ـ تاقى يولچى ـ قا② بىرۇ ـۇن

# «ئىشقا تەيىنلەش خېتى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى

1. توڭگۇز يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى
2. ـ (ا) سماد (ا) رنىڭ بىر ئېغىر يۈك توشۇيدىغان ئېتىنى
3. تاياقى ـ تاقىدىن كەلگەن يولۇچىغا بەرسۇن.

---

① يول ئاتىن — ئەسلى مەنىسى يول يۈرىدىغان ئات بولۇپ، بۇ تېكىستتە ئېغىر يۈك توشۇيدىغان ئات دېگەن مەنىدە كەلگەن.

② يولچى — «يول باشلىغۇچى»، «يولۇچى» دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، بۇ يەردە يولۇچى مەنىسىدە كەلگەن.

# «هاشار - سىلىق بەلگىلەش پەرمانى» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى

**قۇر نومۇرى:**

1. ئىت يىل سەككىزىنچى ئاي
2. (ئىك)ى يەگىرمىكە بۇ تۆش -[①] تا
3. (بورلۇ) قچى - لار[②] تىلەر بولۇپ قال(مىن)
4. (كۆ) پ ئىش بولمىش ئۈچۈن
5. ئىنچۇ[③] قىلىغى بىلە. ئىنچۇ
6. بورلۇق - چى كەزىكتە بارچا
7. بارزۇن سالىغ بىرگۇ بولمىش
8. ئۈچۈن نوم قۇلى چاتىن
9. باي تەمۇر بۇ ئۈچەگۇ
10. (سالىغى) نى بۇيان قارا - قا
11. بىرۇ - ۇن

---

① تۆش — ۋاقىت، پەيت، ئەھۋال.
② بورلۇقچى — تەكلىكتە ئىشلىگۈچى باغۋەن.
③ ئىنچۇ — دۆلەتكە تەۋە يەرلەر ياكى قۇل مەنىسىدە.

# «هاشار - سىلىق بەلگىلەش پەرمانى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى

قۇر نومۇرى:

1. ئىت يىلى 8 - ئاينىڭ
2. 12 - كۈنى، مۇشۇ پەيتتە
3. ئۈزۈمزارلىقتا باغۋەن بولغۇچىلار
4. ئىش بەك كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن
5. ( ھەر قانداق) خانلىق
يەرگە ئىشلىگۈچىلەر بىلەن خانلىق
6. تەكلىككە ئىشلىگۈچى باغۋەنلەر نۆۋەت بىلەن
7. بارسۇن، سىلىق تاپشۇرىدىغان بولغانلىقتىن
8. نوم قۇلى چاتىن بىلەن
9. باي تۆمۈر ئۈچەيلەننىڭ
10. سىلىقىنى بۇيان قاراقا
11. بەرسۇن.

# «ئات بېجى ئېلىش خېتى» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى

قۇر نومۇرى:

1. چوبا يىغمىش ئاتى بىش باقىر
2. ق ... ئى تۇغرىر ئاتى بىش باقىر
3. قىر چەچەك ئاتى بىش باقىر
4. ياغمىش تان ئاتى بىش باقىر
5. يەگەنچۇك ئاتى بىش باقىر
6. تەمىر ئاساغ ئاتى بىش باقىر
7. ئىرچۇك ئاتى بىش باقىر
8. ئىق پا ئاتى بىش باقىر
9. بىرىپ چوئۇ ئالز ـ ۋن
10. قوپچىر ـ قا

# «ئـات بـېجى ئـېلـش خېتى» نىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى

قۇر نومۇرى:

1. چوبا يىغمىشنىڭ ئېتىغا بەش باقىر①
2. ق ...... ئى تۇغرىنىڭ ئېتىغا بەش باقىر
3. قىر چەچەكنىڭ ئېتىغا بەش باقىر
4. ياغمىش تانىنىڭ ئېتىغا بەش باقىر
5. يەگەنچۈكنىڭ ئېتىغا بەش باقىر
6. تەمىر ئاساغنىڭ ئېتىغا بەش باقىر
7. ئىرچۈكنىڭ ئېتىغا بەش باقىر
8. ئىقپانىڭ ئېتىغا بەش باقىر
9. بېرىپ چوئو②ئالسۇن. قوپچىر؟ بېجى ئۈچۈن پۇل ئېلىنسۇن.
10. قوپچىرغا......

---

① باقىر — ئېغىرلىق بىرلىكى(ئالتۇن، كۈمۈش) ياكى پۇل بىرلىكى.
② چوئو — بىر خىل پۇل بولۇشى مۇمكىن.

# «ئارا تۆمۇرنىڭ تەكلىكنى ئىجارىگە ئېلىش تىلخېتى» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى

قۇر نومۇرى:

1. ئىت يىل ى(ـ)گ(ـ)رمىنچ ئاي ئون ياڭىقا م(ە)ن ئارا تەمۇر تۇرىغا
2. بىتىگ بىرۇر ـ مەن تۇرى ـ نىڭ بورلۇق ـ نىڭ ماڭا قىلىپ بىرمىش
3. باش بىتىگ ئىدىش بىتىگ[1] ئول سوك بايان چىن بىتىگ
4. ئول تىپ چام چارىم قىلماز ـ مەن بورلۇق ـ ئىنىقاچان تىلەسەر نەگۇكە م ـ ا
5. قالى(ـ) مايىن يانتۇرۇپ بىرۇرمەن يان ـ ا توگۇز يىل ئەت لەمشكە
6. ئالتىمىش تەمبىن[2] سۇچۇك ياق[3] ـ ا ـ نى كۆنى بە ـ رۇرمەن بۇ سۆز ـ كە
7. تانۇق سەكىنچ قار ـ ا تانۇق بۇت ئاشىرى بۇ نىشان مەن ئار ـ ا تەمۇرنىڭ ئول
8. م(ە)ن بارق تۇرمىش ئارا تەمۇر ئاق ـ ئا ـ قا ئايتىپ بىتتىم.

---

① ئىدىش بىتىگ ـ ئاخىرقى پۈتۈشكەن ھۆججەت.
② تەمبىن — ئېغىرلىق ئۆلچىمى.
③ سۇچۇك — هاراق، مەي.

# «ئارا تۆمۈرنىڭ تەكلىكنى ئىجارىگە ئېلىش تىلخېتى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى

قۇر نومۇرى

1. ئىت يىلى 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى مەن ئارا تۆمۈر تۇرىغا
2. تۇرىنىڭ بورلۇقىنى ئىجارىگە ئالغانلىقىم ئۈچۈن بىتىگ
بېرىمەن.
3. بۇ باش بىتىگ ھەم ئاخىرقى پۈتۈشكەن بىتىگدۇر. بۇندىن
كېيىن ھەرگىزمۇ تەسلىدىكى بىتىگ ئۈچۈن
4. جېدەل - غوۋغا قىلمايمەن. بورلۇقنى قاچان سورىسا
قانداقلىكى بولمىسۇن
5. قەتئىي كېچىكتۈرمەي قايتۇرۇپ بېرىمەن. يەنە توڭگۇز
يىلى ئىشلەتكەنلىكىم ئۈچۈن
6. ئاتمىش تەمبىن سۇچۇكنىڭ ھەققىنى تۆلەپ بېرىمەن.
بۇ سۆزگە
7. گۇۋاھچى سەكىنچ قارا. گۇۋاھچى بۇت ئاشىرى. بۇ ئىمزا
مەن ئارا - تۆمۈرنىڭدۇر.
8. مەن بارق تۇرمىش ئارا تۆمۈر ئاكاغا ئېيتقۇزۇپ پۈتتۈم.

# «كۆنى قۇزنىڭ قۇل ئازاد قىلىش هەققىدىكى تىلخېتى» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى

قۇر نومۇرى:

1. تاقىغۇ يىل ئۈچۈنچ ئاي ئىكى ياڭىقا مەن
2. كۆنى قۇز ئاغرى ئىگكە[1] تەگىپ ئۈل(ۈ)پ ئىدىپ
3. بورغايمەن تىپ سىڭۇي تۇتۇڭ بەگكە
4. كۇدەگۇم[2] ئىلكەكە كىگەشىپ ئايىتىشىپ
5. كەڭشتە توغمىش بۇقا قۇلى ئاتلاغ
6. ئوغۇلۇنقا ئۆگكە قاڭقا بۇيانى
7. تەگزۇن[3] تىپ بوش بىتىگ[4] بىرتىم
8. بۇ كۇنتە مىنچا بۇقا قۇلىنىڭ
9. ئۆرۈ تاغقا قودى قۇئۇمقا بارسار[5]
10. ئۆز كۆڭۈل ـ ئىنچە بۇيان بىرەپ يورزۇن
11. مەنىڭ قاتىنلارىم تىرىگە(؟) ـ لتىمىش ـ ە باشلاپ

---

① ئىگ — كېسەل، ئاغرىق.

② كۇدەگۇم — كۈيئوغلۇم.

③ ئۆگكە قاڭقابۇيانى تەگزۇن ـ ئاتا ـ ئانامغا ساۋابى تەگسۇن.

④ بوش بىتىگ — هۆرلۈك خېتى، ئەركىنلىك خېتى.

⑤ ئۆرۈ تاغقا قودى قۇئۇمقا بارسار — مەيلى قايەرگە بېرىپ نېمە قىلىشىدىن قەتئىينەزەر.

12. ئەۋتەكى قاتىنلارىم مەنىڭ توغمىشلارىم
13. كىم ي(ە)مە چاملام(از) - ۋنلار. چاملا سارلار
14. ئىچكەرۈ[1] ئاغىلىقتا[2] بىر ئالتۇن ياستۇق
15. قوچۇ بەگىگە بىر ئات بالىق بەگىگە بىر
16. ئۇد[3] بىرىپ ئاغىر قىنىقا تەگزۇن تانۇق
17. تۇرت ماخاراچ تەگرىلەر تانۇق يىتى ئەكە بالتىز
18. تەگرىملەر يوگقۇقى (؟). تانۇق ئىكىنچى تانۇق ئەر توگا
19. بۇ بىتىگنى ئاقاسى بۇقساك توي(ـ)ن ئۇسكىنتە
20. قاتىنلارىمقا ئايىتىپ بىرتىم بۇ تامغا مەن
21. لىكەنىڭ ئول مەن قاۋسىن - تۇ ئايىتىپ بىتىتىم.

---

① ئىچكەرۈ — ئىچى، ئوردا ئىچى.
② ئاغىلىق — خەزىنە، ئىسكىلات، ئامبار.
③ ئۇد . كالا.

# «كۆنى قۇزنىڭ قول ئازاد قىلىش ھەققىدىكى تىلخېتى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى

قۇر نومۇرى:

1. ئىت يىلى 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، مەن
2. كۆنى قوز ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىم
ئۈچۈن ئۆلۈپ كېتىشتىن
3. بۇرۇن، سىڭۇي تۇتۇڭ بەگ ھەم
4. كۈيئوغلۇم ئىلكە بىلەن كېڭەشىپ،
5. كەڭشىدە تۇغۇلغان بۇقا قولى ئاتلىق
6. ئوغۇلغا(قولغا)، ئاتا - ئانامغا ساۋابى
7. تەگسۇن دەپ بوش بىتىگ بەردىم.
8. بۇندىن كېيىن بۇقا قولى
9. مەيلى نېمە ئىش قىلىشىدىن قەتئىي نەزەر،
10. ئۆز كۆڭلى (ئىختىيارى) بويىچە بولسۇن.
11. مېنىڭ خوتۇنلىرىم (ئاياللىرىم) تېرىگە (؟)
لىتمىش قاتارلىق
12. ئائىلەمدىكى خوتۇنلىرىم، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم
13. كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر جېدەل - غوۋغا
قىلمىسۇن. غوۋغا قىلغۇچىلار بولسا
14. ئوردا خەزىنىسىگە بىر ياستۇق ئالتۇن،
15. قوچۇ بېگىگە بىر ئات، شەھەر بېگىگە بىر

16. ئۆد (كالا) تەقدىم قىلىشتەك ئېغىر جازاغا تارتىلسۇن.
گۇۋاھچى:
17. تۆت ماخاراج ھەزرەتلىرى (تەڭرىلەر) گۇۋاھچى:
يەتتە ئاچا - سىڭىل
18. تەڭرىملەر، گۇۋاھچى: ئىككىچى، گۇۋاھچى: ئەر توڭا
19. بۇ بىتىگنى مەن ئاكام (ئاغام) بۇقساك تويىنىنىڭ ئالدىدا
20. خوتۇنلىرىمغا ئېيتىپ بەردىم. بۇ تامغا مەن
21. لىكەنىگدۇر. مەن قاۋسىن ئېيتقۇزۇپ يۇتتۇم.

# «تاپشۇرۇلغان باج خاتىرىسى» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى

**قۇر نومۇرى:**

1. يىلان يىلچى قالانقا
2. ئىلچىكە بىرمىشىم: تەمۇر
3. بۇقاقا بىر بوز يانا بە(ك)
4. تەمۇر بۇقاقا بىر بوز
5. بىرتىم يانا توْمۇر قا بىر
6. بوز بىرتىم يانا باي بۇقا
7. بورقا يارىم بوز بىرتىم
8. سەمىس - كە تونقا كۆكۆكە[①]
9. بىر بوز بىرتىم يانا قارا
10. باغىشقا بىر بوز بىرتىم
11. يانا تۇتۇن[②]بىرمىشتە بىر
12. بوز ئىلچىكە بىر بوز بىرتى(م)
13. يانا بورقا تىپ بىر بوز مىسىر
14. - تىن ئالىپ بىرتىم يانا باشچى
15. - نىڭ ئۇلاغىقا بىر بوز بىرتىم
16. يانا قانلىغ تىپ[③] يارىم بوز
17. بىرتىم يانا بۇرۇلتايقا بىر
18. بوز باتۇقىقا بىر بوز

---

① كۆكۆ — لى جىڭۇي ئەپەندى بۇ سۆزنى «زىلچا، گىلەم» دەپ قارىغان. «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» دە «كۆكۆ» ئانا تەرەپتىن بولغان هامما دەپ ئىزاھلانغان.

② تۇتۇن — تۇتۇن، تۇمان.

③ قانلىغ — خانلىق.

# «تاپشۇرۇلغان باج خاتىرىسى» نىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى

**قۇر نومۇرى:**

1. يىلان يىلى قالانغا
2. ئىلچىگە تاپشۇرغان باجلىرىم: تۆمۈر
3. بۇقىغا بىر بۆز يەنە بە(ك)
4. تۆمۈر بۇقىغا بىر بۆز
5. بەزدىم. يەنە تۆمۈرگە بىر
6. بۆز بەردىم. يەنە باي بۇقاغا
7. بور ئۈچۈن يېرىم بۆز بەردىم.
8. سەمىسكە تون ھەم كۆكۈ(؟) ئۈچۈن،
9. بىر بۆز بەردىم. يەنە قارا
10. باخشىغا بىر بۆز بەردىم.
11. يەنە تۇتۇن بېجى ئۈچۈن
12. ئىلچىگە بىر بۆز بەردى(م)
13. يەنە بور دېگەنلىكى ئۈچۈن مىسىردىن بىر بۆز
14. ئېلىپ بەردىم. يەنە باشچە
15. نىڭ ئۆلىمقىغا بىر بۆز بەردىم.
16. يەنە خانلىققا ئاتاپ يېرىم بۆز
17. بەردىم. يەنە بۇرۇلتايغا بىر
18. بۆز، باتۇققا بىر بۆز (بەردىم)

# «قاراچۇقنىڭ ۋەسىيەتنامىسى» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى

قۇر نومۇرى:

1. (ت) ونگۈز يىل تۆرتۈنچ ئاي م(ە)ن قاراچۇق ئاغىر
ئىگلەمىشتە ئوغلۇم

2. ـ (قا) قالمىش تاۋارىغ[1] ئۆتەگلەپ قودتۇم. ئون ئۇلۇغ
خۇ ـ ئاچان[2] (؟) تۆشەگ[3]

3. (ئۇ) چ تۆرتكىل تۆشەگ. يىت يۇرۇڭ تارتا تۆشەگ.
بىش بوزاق

4. (تا) رتا تۆشەگ. بىر تۇكلۇك تۆشەگى. بىر مانمۇر.
بىر سىلىئىگ

5. ...... ئى قىدىغ كىيىز. ئالتى ي(ـ) گ(ـ) رمى.
ياغاق[4] ئاياق[5] بىش ياغاق تەپشى[6]

6. (ت) ۆرت يىغاچ تەپشى. ئىكى ياغاق كۆنەك[7] بىر

---

① تاۋار — تاۋار، مال ـ مۈلۈك.

② خۇاچان — گۈللۈك.

③ تۆشەگ — تۆشەك، ئورۇن ـ كۆرپە.

④ ياغاق — ياڭاق.

⑤ ئاياق — قەدەھ، قاچا، چىنە.

⑥ تەپشى — تەخسە.

⑦ كۆنەك — چېلەك.

بەدىزلىگ[1] سىرىر

7. كۆنەك. بىر ياغاق قابان. بىر يىغاچ قابان[2] بىر ياغاق

8. (ئىر) كۆن. ئىكى سۆگۆت ئىركۆن (؟) . بىر سىر بانياق (؟) ئۆچ ياغاق مۆن

9. ......... زلۆق. ئىكى ياغاق قادىك. يىتى تەرەگ قادىك. بىر قۆرۆق سىر

10. ......... گ. بىر چاچان. ئىكى سىر قاشۆق. ئالتى كىشلىگ سىر چۆگى. سەكىز

11. ......... ئون كىشلىگ قىزىل چۆگى. بىر بەدىزلىگ ئۆچ ئۆيەر چابلىغ سۆتقۆ.

12. ......... پ. ئۆچ ئۆرۆر(؟) قاپلىغ ئىدىش

---

① بەدىزلىگ — بىزەكلىك.

② قابان — تاۋاق، تەخسە.

# «قاراچۇقنىڭ ۋەسىيەتنامىسى» نىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى

قۇر نومۇرى:

1. توڭگۇز يىلى 4 - ئايدا، مەن قاراچۇق ئىغىر كىسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئوغلۇم -
2. غا قالدىغان مال - مۈلۈكنى خاتىرىلەپ قويدۇم. ئون چوڭ گۈللۈك تۆشەك
3. ئۈچ تۆت بۆرجەكلىك تۆشەك. يەتتە ئاق رەڭلىك (يۇرۇڭ) تارتا تۆشەك، بەش بوز - ئاق
4. تارتا تۆشەك، بىر يۇڭ تۆشەك، بىر مانمۇر بىر (سىلىگ) پاكىز - سۈزۈك
5. ...... ئى گىرۋەكلىك گىلەم. ئون ئالتە ياڭاق دەرىخىدىن ياسالغان ئاياق. بەش ياڭاق دەرىخىدىن ياسالغان تەپشى (تەخسە)
6. تۆت ياغاچ (خىنە) تەپشى، ئىككى ياغاچ كۆنەك (چىلەك)، بىر بىزەكلىك سىر
7. كۆنىگى (چىلىكى)، بىر ياڭاق دەرىخىدىن ياسالغان تاۋاق. بىر ياغاچ تاۋاق، بىر ياڭاق
8. ئىركون، ئىككى سۆگەت ئىركون (؟)، بىر سىر يانياق (؟) ئۈچ ياڭاق مۇن

9. ......... زلۆق، ئىككى ياغاق دەرىخىدىن ياسالغان قاچا،
يەتتە تىرەكتىن ياسالغان قاچا، بىر قۇرۇق سىر

10. ......... گ بىر چاچان، ئىككى سىر قوشۇق، ئالتە
كىشىلىك سىرلىق چۆگە، سەككىز

11. ئون كىشىلىك قىزىل چۆكە، بىر بېزەكلىك سۇتقۇ،
ئۈچ ئۆيەر قاپلىق

12. ......... پ ئۈچ ئۆرۆر (؟) قاپلىق ئىدىش

# «جىدەل - ماجىرانى ھەل قىلىش كېلىشىم-نامىسى» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى

قۇر نومۇرى:

1. كۆشكۈ بىل ئارام ئاي ئىكى بەگ(ـ) رىمكە م(ە)ن قىن(ا) ي
2. قايانىڭ سۆكسۈي ئاتل(ـ)غ قىن(ا) ي ئوغلانىم
3. ياشىپ قانچ كۈنتە تىلەپ تاپشىم(ا) تىن
4. تۆرۈر ...... - تە ئىنەچى......
5. ئولان قىن(ا) ي ئوغلانى تاشتىن سىنتە قاڭلى[1]
6. يولىن كۆرگەلى بارىپ بىر بۆز تون تاپىپ
7. كەمىش: بۆ تونۆغ قىيۆپ ئالمىشقا قۆلۆم م ......
8. ئۆلتى تىپ مەن قىن(ا) ي قايا چاملاسار
9. ...... ئىز(؟) ئىچىنتەكى سۆز بىرۆر تىپ ئىچىن يار......
10. ئىنەچىن يارىن ياستۆق كۆمۆش ئالىپ......
11. ئۆزۆشۆپ كەسىشىپ كەتىم(ـ)ز بۆكۈنتە ئىنارۆ
12. ئۆلمىش قىن(ا) ي يولىنتا مەن قىن(ا)ي قايا ئىنەچىگە
13. سۆزۆم ساۋىم چامىم چارىم يوق ئابام چام
14. چارىم قىلسارمەن

---

① قاڭلى — هارۋا.

15. ئۇلۇغ سۈئۈكە[1] ئىككى ياستۇق ئۆتۈنۈپ مىڭ
16. بەگىكە بىر ياستۇق لۇكچۇك تارنۇقىغا
17. يارىم ياستۇق بىرىپ ئاغىر قىنقا تەگىرمەن
18. تانۇق قۇلۇن قايا تانۇق ئەلىك تانۇق تاقىچۇق
19. ئەدگۈ توغرىل بۇ تامغا قىنـ(ا)ي قايانىڭ ئول.
20. مەن ئۆدۈش ئىگىر ئايتىپ بىنـ(ـ)تىم.

---

① سۈئۈ — بۈيۈك، سائادەت، زور بەخت. بۇ يەردە «ئۇلۇغ خاقان» مەنىسىدە كەلگەن.

# «جېدەل - ماجىرانى ھەل قىلىش كېلىشىمنامىسى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى

قۇر نومۇرى:

1. چاشقان يىلى 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، مەن قىز(ا)ي
2. قايانىڭ سۆڭگىسۈي ئاتلىق قىتاي ئوغلانىم
3. يۇرۇپ كەتتى. قانچە كۈنلەر ئىزلەپمۇ تاپالمىدىم.
4. ...... ئىنەچى(نىڭ) ......
5. ئولان قىز(ا) ي ئوغلانى سىرتقا چىقىپ تاغ
باغرىدىكى قاڭلى(ھارۋا)
6. يولىنى كۆرگىلى بېرىپ بىر بۆز تون تېپىپ
7. كەپتۇ. بۇ تون يىرتىلىپ(كېسىلىپ) كەتكەچكە، قۇلۇم
8. ئۆلدى دىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن قىتاي قايا باشقىچە
قاراپ......
9. (ئەمەلدارلاردىن) ئىچكى قىسىمدا ئاغزاكى ھۆكۈم
چىقىرىشنى ئىلتىماس قىلدىم.
10. ئىچكى قىسىمدا ئىنەچىدىن يېرىم ياستۇق كۈمۈش
ئېلىشنى
11. ھۆكۈم قىلغاندىن كېيىن بىز ئۈزۈلۈشتۇق. بۇندىن
كېيىن
12. مەن قىتاي قايا ئۆلۈپ كەتكەن قىتاي ئوغلانىم ئۈچۈن
ئىنەچى

13. بىلەن جېدەل - ماجىرا قىلمايمەن، ئەگەر
14. ماجىرا سادىر قىلسام
15. ئۆلۈغ خانغا ئىككى ياسنۇق (ئالتۇن)، مىڭ
16. بىگىگە بىر ياسنۇق (ئالتۇن ياكى كۈمۈش)،
لۈكچۈن تارتۇققا
17. بېرىم ياسنۇق (كۈمۈش) بېرىپ ئېغىر جازاغا
تارتىلغايمەن.
18. گۇۋاھچى: قۇلۇن قايا، گۇۋاھچى: ئەلمىك، گۇۋاھچى:
تاقىچۇق
19. ئەدگۈ توغرىل. بۇ تامغا مەن قىتاي قايانىڭدۇر.
20. مەن ئۆدۈش ئىگىر ئىبىتىپ بەرگىنىڭگە ئاساسەن
(ئىبىتغۇزۇپ) پۈتتۈم.

# «ئېلىم ـ بېرىمنى ئۈزگەنلىك تىلخېتى» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى

**قۇر نومۇرى:**

1. توگۈز يىل ئونۇنچ ئاي ئالتى ي(ـ) گ(ـ) رمى
2. ـ كە مـ(ە) ن ئوسمىش توغرىل ئىنىم باسا
3. توغرىل بىلەكى ئالىش بىرىش تىلتاغ
4. ئىنتا قىناي ي(ا) ل(ا) ۋاچ ئەلپ تۇرمىش
5. ئۇلار ئۇسكىنتە تىشىپ ئالىم بىرىم
6. ئۇزۇشتۇمۇز مـ(ە) ن ئوسمىش توغرىل
7. كىن ئۆگۈنۈن باسا توغرىلقا
8. كىمىنىڭ قايۇنىڭ كۇچىن
9. تۇتۇپ چام چارىم قىلسار مـ(ە) ن
10. ياسا تاقى قىنقا تەگىر
11. ـ مـ(ە) ن. تانۇق ئەلپ تۇرمىش تانۇق
12. ياپ توغرىل مـ(ە) ن باچاغ ئوسمىش
13. توغرىلقا ئايتىپ بىتتىم
14. بۇ تامغا مـ(ە) ن ئوسـ(مىش) توغرىلنىڭ ئول.

# «ئېلىم - بېرىمنى ئۆزگەنلىك تىلخېتى» نىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى

قۇر نومۇرى:

1. توڭگۇز يىلى 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى
2. مەن ئوسمىش توغرىل ئىنىم باسا
3. توغرىل بىلەن قىلغان ئېلىم - بېرىم ئىشىمىزنى
4. قىتاي يالاۋاچ بىلەن ئەلىپ تۇرمىش
5. ئىككىسىنىڭ ئالدىدا پۈتتۈشتۇق. بىزنىڭ ئېلىم - بېرىمىمىز
6. تۈگىدى. مەن ئوسمىش توغرىل
7. بۇندىن كېيىن باسا توغرىل بىلەن
8. ئەگەر باشقىلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ
9. جېدەل - ماجىرا قىلسام
10. قانۇن - نىزامدا بەلگىلەنگەن ئېغىر جازاغا ئۇچرىغايمەن.
11. گۇۋاھچى: ئەلىپ تۇرمىش. گۇۋاھچى
12. ياپ توغرىل. مەن باچاغ ئوسمىش
13. توغرىلغا ئېيتقۇزۇپ پۈتتۈم.
14. بۇ تامغا مەن ئوسمىش توغرىلنىڭدۇر.

# «بىر قىزنىڭ نىكاھ توختىمى» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى

قۇر نومۇرى

1. ...... يىل ئۈچۈنچ ئاي تۆرت ياگىد(ىقا)
2. ...... ئادار قىزنى
3. ...... ئىگا بىرتىم ئارۇنى ئوغلى......
4. ...... تىشىپ سۆزلەشىپ ئادار قىزقا بىرمە......
5. ...... ياستۇق ى(ـ) گ(ـ) رمى سـ(ا) تىر كۆمۈش......
6. ...... كە ياتۇرۇبىرىپ ئادار قىز......
7. بارچا ئۇرباقى① تەلۇكى② بىلەن مـ(ە) ن قۇتلۇغ
8. تۇگا ئادار قىزنى ئىگ(ە) لەپ ئالىپ كىتىتىم
9. بۇ كۈنتە مۇنچا ئادار قىزنىڭ ئۇربا(ق)
10. تەلۇك نەگۈسى كىمى بار تىپ ئىنەچى
11. ئىنىسىگە ئوغۇلىگا چام چارىم (قىلماز) (؟)
12. ـ مـ(ە) ن قۇتلۇغ تۇگانىڭ ئىچىم ئىنىم
13. ئوغۇلۇم قىزىم توغمىشىم قاداشىم يەگەن( ـ ىم)
14. تاغابىم كىم قايۇ كىشى ئىنەچىكە چام چ(ارىم)
15. قىلمازۇنلار ئابام چام چارىم قىلسار (لار)
16. ئۇلۇغ سۇئۇكە بىش ئالتۇن ياستۇق ئاچا ئىد(نى)

---

① ئۇرباقى — كىيىم.
② تەلۇك — يىمەكلىك، يىگىلى بولىدىغان نەرسىلەر.

17. تىگىنلەركە بىرەر ئالتۇن ياستۇق قىزغۇت[①]
18. ئۈتۈنۈپ ئىدۇق قۇتقا بىر ئالتۇن ياستـ(ۇ)ق
19. كۆتۈرۈپ قوچۇ بالىق ئايغۇچىقا بىر كۈمۈش
20. ياستۇق بىرىپ ئاغىر قىنقا تەگۈزۈنلەر
21. تانۇق تەمۇر: تانۇق ئىناق قۇلى: تانۇق بۆكچەت……
22. تانۇق تۇغا بۇ تامغا مـ(ە)ن قۇتلۇغ تۇڭانىڭ ئول
23. مـ(ە)ن بەگ بارس قۇتلۇغ تۇڭاقا ئايىتىپ بىتىتىم

---

① قىزغۇت — جەرىمانە.

# «بىر قىزنىڭ نىكاھ توختىمى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى

قۇر نومۇرى:

1. ...... يىلى 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى
2. ...... ئادار قىزنى
3. ...... گە بەردىم. ئارۇنى ئوغلى
4. ......بىلەن كېڭەشكەندىن كېيىن ئادار قىزغا......
5. ...... ئىككى ياستۇق يىگىرمە ساتىر كۈمۈش
6. ...... بېرىپ، ئادار قىزنىڭ......
7. بارلىق كىيىم - كېچەك، نەرسە - كېرەكلىرى بىلەن مەن قۇتلۇغ
8. تۇڭا ئادار قىزنى ئېلىپ كەتتىم.
9. بۇندىن كېيىن، مەن ئادار قىزنىڭ كىيىم - كېچىكى
10. نەرسە - كېرىكى قېنى، كىمدە دەپ ئىنەچى (ھەم)
11. ئىنىسى ھەم ئوغۇللىرى بىلەن جېدەل - ماجىرا قىلماي -
12. مەن، مەن قۇتلۇغ تۇڭانىڭ ئاكا - ئىنىلىرىم
13. ئوغۇل - قىزلىرىم، تۇغقانلىرىم - قېرىنداشلىرىم
14. تاغىلىرىم كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىنەچى بىلەن جېدەل - ماجىرا
15. قىلمىسۇن. ئەگەر ماجىرا سادىر قىلسا
16. ئۇلۇغ خانغا بەش ئالتۇن ياستۇق، ئاغا - ئىنى

17. شاھزادىلەرگە بىر ئالتۇن ياستۇق،
18. ئىدىقۇتقا بىر ئالتۇن ياستۇق،
19. قوچۇ بالىق ئايغۇچىغا بىر كۈمۈش
20. ياستۇق بېرىپ ئېغىر جازاغا تارتىلسۇن.
21. گۇۋاھچى: تۈمۈر، گۇۋاھچى: ئىناق قۇلى،
گۇۋاھچى: بۆكچەت……
22. گۇۋاھچى: تۇغا، بۇ تامغا مەن قۇتلۇغ تۇڭانىڭدۇر.
23. مەن بەگ بارس قۇتلۇغ تۇڭاغا ئېيتقۇزۇپ پۈتتۈم.

# «بالا بېقىۋېلىش توختىمى» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى

**قۇر نومۇرى:**

1. ئۇمۇغسۇز ئۇرسىز قالغاي تىپ بۇ
2. ئىكى ئوغلانلارىمتا تۇرمىش ئاتلىغ
3. ئوغلۇمنى سۇتباقا ئىل تۆرۈسى
4. بىرلە ئوغۇللۇق بىرتىم ئاندىن
5. سوڭ قالمىشتا بۇ ئوغۇل سۇتماق
6. ـ نىڭ بىرمىش ئاشىن يىپ ئانىمش
7. ئىشىن قىلىپ ئوغۇل تۆرۈسى بىرلە
8. ئۆلكىنچە كۆنى بىشىغ تاپىنزۇن
9. مەن سۇتباغ ي(ە)مە بۇ تۇرمىش ئاتلىغ
10. ئوغۇلنى ئۆزۈمتىن توغمىشچا
11. ئوق ساقىنىپ قىز ئالىپ بىرىپ
12. يانا مىنتە ئوغۇل قىز توغسا ئول
13. ئوغلۇم بىرلە تەڭ تۇز تۇتۇپ
14. مەنىڭ ئەۋۈمتەكى بارقىمتاقى
15. نەگۈ كىمىمنى ئۇرپاق ئانىق سىيۇق
16. بۆيىم بۇلغۇچا بولسا نەچە ئوغلان
17. ـ لارىم بولسا ئول ئوغلانلار بىرلە
18. تەڭ ئوڭ ئۇلۇش قوپى بىرۇرمەن
19. ئاپام بىرۇك بۇ ئوغۇلنىڭ كۆچىن ئالىپ

20. بودقا تەگمىشتە ئورزۇنىن يىگىن
21. قىلمايىن ئەدگۈ تۆتمايىن قودى ئازىرا
22. كىشىچە تۆتسارمەن قايۇقا بارسار
23. ئۆز كۆڭۈلىنچە تاپىنچا بارزۇن سۆتباق
24. ـ نىڭ سۆز يورىمازۇن سۆتباق ي(ە)مە
25. توغمىش ئوغۇللارى بىرلە تەڭ تۆتۆپ
26. كەلىنلەپ بىرىپ ئەدگۈ ئازىراپ
27. ئوغۇل تۆرۈسىچە تۆتۆپ قۇلقاق
28. بويىن تولاپ ئۆنەرمەن كىتەرمەن تىسەر
29. تۆرۈ يارغۇ يوسۇنى بىرلە ئادا
30. يازمىش يازۇقتا تەگزۇن تانۇق
31. سى ...... تەمۇر تانۇق ئارۇق بۇ نىشان
32. تامغا مەن تورچىنىڭ ئول
33. مەن ئىش قارا تورچى باقشىقا
34. ئىنچىكە ئايىتىپ بىتىتىم.

# «بالا بېقىۋېلىش توختىمى» نىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى

قۇر نومۇرى:

1. ئۇنىڭ ئوغلى بولمىغانلىقتىن
2. ئىككى ئوغلۇمنى ئىچىدىكى تۇرمىش ئاتلىق
3. ئوغلۇمنىڭ سۇتباقىقا قانۇنلۇق هالدا
4. ئوغۇللۇققا بەردىم.
5. مەندىن كېيىن قالسا، بۇ ئوغۇل سۇتباق
6. نىڭ ئىشىنى يەپ، ئۇنىڭ
7. ئىشىنى قىلىپ، ئوغۇللۇق بۇرچى بىلەن
8. ئۆلگۈچە ساداقەتمەنلىك بىلەن ئۇنى
(سۇتباقنى) كۈتسۇن.
9. مەن سۇتباقمۇ بۇ تۇرمىش ئاتلىق
10. ئوغۇلنى ئۆز ئوغلۇمدەك كۆرۈپ
11. غەمخورلۇق قىلىپ، خوتۇن ئېلىپ بېرىمەن.
12. ئەگەر مەن يەنە ئوغۇل - قىزلىق بولۇپ قالسام، ئۇنىڭغا
13. مېنىڭ ئوغۇللىرىم بىلەن تەڭ باراۋەر مۇئامىلە قىلىنىدۇ.
14. مېنىڭ ئائىلەمدىكى
15. ھەر قانداق كىشى ئېرىشىدىغان
16. مال - دۇنيايىمنى قانچە ئوغلۇم
17. بولسا، ئۇ ئوغلانلارغا

18. تەك ئۆلۈش بېرىمەن(مىراسنى تەك ئۆلەشتۈرۈپ بېرىمەن)
19. ئەگەر بۇ ئوغۇل چوڭ بولغاندا
20. مەن ئۇنىڭ ئورنى ـ تامىقى بىلەن كارىم بولماي
21. ياكى ئۇنىڭغا ياخشى قارىماي، ھەتتا پەس كىشىلەرگە
22. مۇئامىلە قىلغاندەك قىلسام، ئۇ ئەگەر كېتىشنى خالىسا،
23. ئۆز مەيلىچە بولسۇن. سۇتباق
24. نىڭ سۆزى ئىناۋەتسىز بولسۇن. ئەگەر مەن سۇتباق
25. ئۆز ئوغۇللىرىمغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ،
26. خوتۇن ئېلىپ بېرىپ، ياخشى بېقىپ،
27. قائىدە ـ قانۇن بويىچە مۇئامىلە قىلسام، لېكىن ئۇ
28. بويۇن تولغاپ، كېتىمەن دېسە
29. قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىپ،
30. ئۆز گۇناھىنىڭ جازاسىنى تارتسۇن. گۇۋاھچى
31. سى ...... تۆمۈر، گۇۋاھچى: ئارۇق، بۇ ئىمزا
32. تامغا مەن تورچىنىڭدۇر.
33. مەن ئىش قارا تورچى باخشىنىڭ
34. تەپسىلىي ئېيتىپ بەرگىنىگە ئاساسەن پۈتتۈم.

# «مىڭ تۆمۈرنىڭ بور① ئۆتنە ئېلىش تىلخىتى» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى

قۇر نومۇرى:

1. قوي(ى)ن يىل ئۈچۈنچى ئاي ئىكى ئوتۇز ـ قا
2. ماڭا مىڭ ت(ە)مۈر ـ كە تۆش ـ كە② بور كەرگەك
3. بولۇپ تۈرى باخش ـ تىن يارىم قاب③ بور
4. ئالتىم كۈز ي(ا) ڭىنتا④ بىر قاب
5. سۈچۈك كۆنى بىرۈر ـ مەن بىرم(ە)تىن
6. كەچۈرسەر⑤ ـ م(ە)ن ئىل ياڭىنچە تۆشى
7. بىلە كۆنى⑥ بىرۈر ـ مەن بىر كىنچە بار
8. يوق بولسار ـ مەن نوم قۇلى ئەۋ ـ تەكى
9. ـ لەرى بىلە كۆنى بىرزۈن ـ لەر ت(ا) نۇق
10. تەسەك تۈرمىش ت(ا) نۇق بولت(ا) ز بۇ نىشان
11. م(ە) ن مىڭ تەمۈر ـ نىڭ ئۇل م(ە) ن تۈرمىش مىڭ
12. تەمۈر ـ كە ئايتىپ بىتىتىم.

---

① بور — قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئۈزۈم، شاراپ مەنىلىرىدە.
② تۆشكە — مىۋە، ئۆسۈم مەنىلىرى بولۇپ، بۇ يەردە ئۆسۈم مەنىسىدە.
③ قاب — هاراق قاچىلايدىغان تۇلۇم بولۇپ، مىقدار سۆز بولۇپ كەلگەن.
④ ياڭى — يېڭى، دەسلەپ، بۇ يەردە «كۈزنىڭ بېشىدا» مەنىسىدە.
⑤ كەچۈر — ئارقىغا سوزماق، كېچىكتۈرمەك.
⑥ كۆنى — ئەينەن، ئۆز پېتى.

# «مىڭ تۆمۈرنىڭ بور ئۆتنە ئېلىش تىلخېتى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇلۇشى

قۇر نومۇرى:

1. قوي يىلى 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى
2. مەن مىڭ تۆمۈرگە ئۆسۈملۈك ھاراق كېرەك
3. بولۇپ تۆرى باقىشىدىن يېرىم قاپ (بور) ھاراق
4. ئالدىم. كۈزنىڭ بېشىدا مەن ئۈنىڭغا بىر قاپ
5. (تاتلىق) بور (ھاراق) بېرىمەن. ئەگەر ۋاقتىدا ئەينەن
6. قايتۇرالمىسام. ئەل ئىچىدىكى تۈزۈم بويىچە
7. ئۆز ئۆسۈمى بىلەن تۆلەيمەن. تۆلەشتىن ئىلگىرى
8. ئەگەر مەندە بىرەر پېشكەللىك بولسا،
نوم قۇلى ئائىلىسىدىكىلەر
9. بىرلىكتە تۆلەپ بەرسۇن. گۇۋاھچى
10. تەسەك تۇرمىش. گۇۋاھچى بولتاز. بۇ ئىمزا
11. مەن مىڭ تۆمۈرنىڭ . مەن تۇرمىش مىڭ
12. تۆمۈرگە ئېيتقۇزۇپ يازدىم.

[illegible]

[illegible]

[illegible]:

1. [illegible]
2. [illegible]
3. [illegible]
4. [illegible]
5. [illegible]
6. [illegible]
7. [illegible]
8. [illegible]
9. [illegible]
10. [illegible]
11. [illegible]
12. [illegible]

«توي، نەزىر خىراجەت خاتىرىسى» نىڭ ئەسلىسى .



Лист 1.

Текст (10 листов)



Лист 2.



Лист 3.

Лист 4.

Лист 5.

Лист 6.

[illegible]

Лист 7.

Лист 8.

Лист 9.



Лист 10.

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇنارجان توختاخۇن
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر پەيزۇللا

# ئىدىقۇت ھۆججەتلىرى

ئاپتورى: ئىسمايىل تۆمۈرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
پارتكوم بەنگۇڭتىڭ مۆججەت بېسىش مەركىزى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 4.75، قىستۇرما ۋارىقى: 1
2000 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000
ISBN 7—228—06069—5/H. 190
باھاسى: 12.00 يۈەن



مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر بەيرۇللا

ISBN 7-228-06069-5
9 787228 060696 >

ISBN 7-228-06069-5
H·190(民文) 定价:12.00 元